
# لاي سۇ ئېچكەن جانلار



## 1

قۇياش نۇرى زېمىنگە تىك چۈشكەن، ئاپتاپتىن دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ سالپىيىپ قالغان بىر چاغدا مەھەللىنىڭ قاتار تاملىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان چەترەك بىر كونا ئۆيدىن ئەت-ئۇزايى ناھايىتى ئاۋارە بىر ئايال چىقىپ، كىر باغلاپ كەتكەن چېلەكنى قولىغا ئېلىپ كۆلچەك تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى. تامنىڭ يېنىدىكى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن كۆكتاتلىقتىن ئاپئاق ھورلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى. ئايال چىت ئېلىپ يىرتىۋەتكەن پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيمىگەن پەقەت شۇ پۇتى قالغاندەك شۇ قەدەر يىرىك ۋە قارامتۇل، مايلىشاڭغۇ تېرىلىرى

مۇنچــاقتەك تەرلەر بـــلەن قوشــۇلۇپ كــۆن نۇربـــدا پـــارقىرايتتى. ئۇنـــىڭ ئارقىسىدىن مەكتەپ يېشىدىكى كىچىككىنە قىزى قولىدىكى يېرىم چىشلىنىپ رەڭگــى ئۆزگــرىــپ قالغــان ئــالمىنى يېگـــىنچە پىلــتىڭلاپ كېلىۋاتــاتتى. ئــۇ ئاپىسىنىڭ ئەكسىچە ئۆڭى ئاق، ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى.

ئايال كۆلچەكنىڭ بويىغا كېلىپ نوگىينى سۇغا سالدى، بەك چوڭقۇر سىلىۋەتكەچكە تىنىپ قالغان لايلار سۇزۇلگەن سۇنى يەنە دۇغلاشتۇرۇۋەتتى، لېيىپ كېتىۋاتقان سۇ پۇتۇن كۆلچەككە تارالدى. خەپ، بېشىڭنى يەيدىغان چوقۇر گەدەن، نەچچە دېدىم چوڭقۇرراق كولاپ قوي دەپ، ئەتىگەندىن تاماققىچە چاپساڭ چېپىپ بولماسمىدىڭ؟! ئۇ ئېرىنى مىڭنى قارغاپ سۇ سۇزۇلگىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، قىزى ئارقىسىدىن كېلىپ بويىنغا ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان، دانىخورەك باسقان يۈزىگە يۇمران يۈزىنى سۈركەپ، ئالمىنى كۆزىگە تەڭلىدى:

ــ ئاپوي، تۇتىڭە ئالما بېرەي.

ــ ۋۇي ئېسىلما دەيمەن، بېشىڭنى يەيدىغان، توختا، ئالماڭنى كىم بەردى؟

ــ روزاخۇن.

ــ تاشلا ئالماڭنى، ۋۇ پاسكىنا، مەنلا كۆرسەم شۇ ماڭقا بىلەن ئوينىغان...

قىزى ئالمىنى چىشلەپ يەنە ئويناقلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئايال تىنىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ بېشى قوچۇلۇپ كەتتى: ئەمدى بىز بىلەن قالمىغان مۇشۇ غورتەك ماڭقىسى قاپتۇ بۇ خەقنىڭ. ئاشۇ ئالتۇنخاننى كۆرسەم ئىگەكمبا، قاچانلا كۆرسەم ئىتتەك ھۈرپىيىپ تۇرغان ئېلىشى باردەك. ئامىنىخان قوناقنىڭ تىرگىنىدە موزاينى بىر دەم ئوتلىتىپ

قويسا بىچارە قىزىمنى يىغلىتىپ مۇزايىنى قوتىنىغا سولىۋالىدۇ، يالۋۇرۇپ بەرمىگىچە بەرمىگەن. روزى دېگەن ئاۋۇ سەت كۆك پوتلىسى تېخى تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئېگىزدا قوي باقتى، قىردىكى بىر مۈنچە ماشنى يېگۈزۈۋەتتى. ئۈنىڭغا گەپ قىلمىسام ئاخشام يەنە سىلىنىڭ راخمىناخۇن بىزنىڭ مولمىناخۇنغا كەتمەن كۆتۈرۈپ كەپتۇ دەپ داتلاپ كەلدى خۇددى مەن ئۇرۇشقاندەك. بۇ ساراڭمۇ يا شۇك تۇرمىغان، ھە دېسىلا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك ئارا، كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن، بەزىدە تاس قالدۇ مېنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، قورقىمەن ئۇ ساراڭدىن، ئاپىسى ئاندىن بىر ساراڭ، ساراڭلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ مەنمۇ ساراڭ بولاي دېدىم. ئۇھ، ئاللاھ ئىگەم ئۆزۈڭ بار، چىرايىم نېمىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ يەردە يا ئەينەك چاغلىق نەرسە يوق، سۇمۇ خېلى سۈزۈلۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇسسام بولغىدەك...

ئۇ سۇنى ئاۋايلاپ ئۇسۇشقا باشلىۋىدى، ياندىكى قوناقلىقتىن تۇيۇقسىز پاراس-پۇرۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ئەمما ئېگىز ئۆسكەن قوناق شاخلىرىنىڭ كەڭ ۋە قارا قۇلاقلىرى ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قىسىلغان كۆزىنىڭ ئاجىز نۇرىنى توسۇپ قويدى. ئۇ كۆلچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قوناقلىقنىڭ رەت بېشى كۆرۈنىدىغان تەرەپتىن نەزەر سالدى. يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى: قوناق يەيدىغان ئاچكۆز ئىتلار كېچىسى كېلىدىغاندى، كۈندۈزىمۇ كېلىدىكەن-دە! خۇدايىم بەرگەن كىچىككىنە قونىقىمىزنىمۇ قويما ئەمدى جوھۇتلار، كېلىشە، توكۇر قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئىلاھىم...

ئۇ ھويلىسىدىن ئۆچكە چېقىپ يەيدىغان تاشلارنى ئېلىپ، دوڭغاقلاپ يۈگۈرۈپ قوناقلىققا كەلدى ۋە قوناقلارنى شالدىرلىتىپ، ئېلىشىپ قالغان

ئادەمدەك ئۈيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان چىرايى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ ھەيرانلىقتا قېتىپ قالدى، ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ، يالىڭاچ پۇتى نەم، قاتتىق توپىغا پېتىپ كەتتى. ئاۋازى ئەسكى لاتىنى يىرتقاندەك سەت ھەم بوغۇق چىقتى:

— تۇراق! ھۇ ئىپلاس، مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم، ھۇ ئاتىسىنى دورىغان زەيپانە، توختا دەيمەن، كۆرۈڭە خەقنىڭ قىزىنى بوزەك قىلىپ...

چىرايىدىن سەبىيلىكى كەتمىگەن ئېگىز بوي بىرى ئىشتىنىنى قولتۇقلاپ بۆرىنىڭ ئالدىغا چۇشكەن توكۇر توشقاندەك بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ قوناقلىقتىن قېچىپ كەتتى. چۆنەك ئارىلىقىغا يېيىتىپ سېلىنغان يۆگىمەچىنىڭ ئۈستىدە يۈزى قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتكەن بىر قىز كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي لاغىلداپ ئولتۇراتتى.

—قوپۇڭ مىرۋانىخان، سەت تۇرىدۇ، قىز بالا تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىش قىلسا قاملىشامدۇ؟!-دېدى خەلچىخان.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— قوناقلىقتىن ئوت ئالاي دەپ كەلسەم سەت ئۈزۈنبەل بېسىۋالدى قارىسىلا، چۇش دېسەم ئۇنىمايدۇ، ھېلىمۇ ياخشى سىلە كەپقالدىلا.

— ماقۇل، مەنغۇ كۆرمىگەن بولاي، لېكىن مۇشۇ خۇدا ئالدىدا يالغان سۆزلەپ...

قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى:

— ھە مەن نېمە قىپتىمەن خەلچىخان، تولا ئاغزىمنى ئاچمىسىلا جۇمۇ. سىلە خەققە بۇنى دېسىلىمۇ سىلىدەك ساراڭ خوتۇننىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ شالتاقلىرىنى ئادالاپ ئاندىن ماڭا گەپ قىلسىلا

جۇما، كۆرۈڭە تېخى دېگەن گېپىنى...

خەلچىخان سەكرەپ كەتتى:

ــ ھەي سەت داپشاق، كۈپكۈندۈزدە قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ماڭا تىل تەگكۈزۈۋاتىسىنا تېخى! ھەي خۇدا، ھەي خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ يۈزسىز بۇزۇقنى، يوقال بۇزۇق، يوقال بۇ يەردىن! يەيدىغان قوناق، ئىچىدىغان سۈيىمىزنىمۇ ھارام قىلدىڭ، ۋۇي يۈزى قېلىن پاسكىنا! ۋۇي ئايىغىنى بىلمەيدىغان بۇزۇق!...

خەلچىخان ۋارقىراپ-جارقىراپ، قولىغا چىققىنىنى ئېتىپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن كۆلچەكنىڭ بېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە سۈزۈلۈپ قالغان سۇغا قاراپ ھۆ قىلغۇسى كەلدى.

ئاپتاپ ئۇنىڭ تېنىنى يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەشلىكى ئاستا-ئاستا تاراپ، يىراق-يىراقلارغا چېچىلىپ كېتىۋاتقان ئۇي خىيالى نامەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك مەستخۇش ھالەتتە تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئىسسىقداپ كېتىۋاتقان سېمىز بەدىنى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن راھەتلىنىۋاتقاندەك، ھېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتقاندەك ھالەتتە جىمىدە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۈن نۇرى شۇ تاپتا ئۇنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىنى قىزدۇرۇپ، غىدىقلاپ، ئۇ قاچانلاردۇ بىر ۋاقىتتا ھېس قىلغان نازۇك ھەم راھەتلىك تۇيغۇنى قايتا پەيدا قىلىۋاتاتتى.

ئۇ خام خىيال دەرياسىغا بىر ھازا چۆمۈپ، دولقۇنلىرىدا لەيلەپ، ئاخىرى يەنە قىرغاققا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. چېلەكنى تولىمۇ تەستە توشقۇزۇپ ئۆيگە راۋان بولدى. بۇ قېتىم چېلەك ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر قۇم قاچىلانغاندەك ئېغىر ۋە ئازابلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ قازانغا سۇ قۇيۇپ، چامغۇر تـوغراپ ئۇمـاچ چېلىشـقا تۇتـۇش قىلـدى. ئوتنى نەچچە پـۈدەپ يانـدۇرالماي كـۆزىگە يـاش تولـدى. دۇمچىيــپ تۇرغــان گەۋدىسى تېلىپ تۇرسىمۇ، پاخالغا تۇتـىشاي دەپ قالغان ئوتنى كۆنۈپ كەتـكەن جاھىللىقى بىلەن پۈۋلەۋەردى. ئوت تۇيۇقسىز گـۇپ قىلــپ يانـدى ۋە ئۇنــىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئوڭدىســغا ئۇچـۇرۇۋەتتى، ماڭلىيـغـا چۈشـۈپ قالغــان سېرىق چاچلىرىدىن بىر نەچچە تېلى كۆيۈپ كەتتى.

ــ ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان، قوپ، تەمەچ تېرىپ كەل!

قىزى قوپماي تۇرۇۋالدى.

ــ قوپ دەيمەن پاسكىنا، قورقۇپ سېنى بىر جىن يېمەيدۇ!

خەلچىخــان قىزىنــى ئۇنىتالمــاي تېمىنىــڭ چۆرىســىدىكى تېــرەكلىككە كىرىپ كەتتى ۋە بىر قۇچاق چـاۋار-چاتقـاللارنى تېرىــپ كېلىــپ، قىزىغـا ئـوت قالاشنى بۇيرۇدى. شۇ ئەسـنادا ئۆيىنــىڭ بىردىنبىــر ئەتىۋارلىـق مـۈلكى ــ چـار موزاي سوزۇپ مۆرەپ كەتتى.

ــ ئاپاڭ يوق بۇ يەردە جوھوتىنىڭ موزىيى!...

خەلچىخــان غـۇدۇراپ قويـۇپ، تـام تۆشـۈكىگە ئـىلــپ قويغـان ئورغـاقنى ئېلىــپ، تــامنى قورشــاپ تۇرغــان قويــۇق چىتلىــك تۈۋىــدە ئۆســۈپ كەتــكەن يۆگىمەچ ۋە سۈتلۈك ئـوتلارنى شـارتىلدىتىپ ئورۇشـقا باشـلىدى. نامـاز شـام بولۇپ قالغاچقا تېرەكلىك ۋە چىتنىڭ ئارىسى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى.

ئۇ تـىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر قۇچاق ئوت ئوردى، موزاي ئۇچۇن بـۇ تېخـى ئازلىق قىلاتتى. ئۇ يېڭىنى تېخىمۇ تۈرۈپ ئورغاقنى چۆپلەرنىڭ غولىغـا زەرب بىلەن سىلىۋەردى، ئورغاق ئۇشتۇمتۇت كىچىك بىر تاشقا تېگىپ ۋاللىـدە ئـوت چىقىرىۋەتتى. ۋاي خۇدايىم، بـۇ يەردە راسـتلا جـىن بـار ئوخشـامدۇ! ئۇنــىڭ

كـۆزى چانـقــدىن چىقــپ كەتكـۈدەك چەكچىيــپ،ئۆز- ئـۆزىگە ۋەھـمىلــك شــۋىرلـدى، ئورغـاقنى تاشـلاپ پايپاسـلاپ قـاچتى، پۇتـىغـا كــرگەن شـوخا-تـكەنلەرنىڭ ئاغرىقىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

ئـۇ ئـاقـۋەت يەنە موزىيىغـا چـدىيالماي، مـىڭ خـىل قورقـۇنچ ئـلكــدە ئورغىقىنى تېپىپ ئوتنى قىسىپ ئالدى، بىر مەخلۇق هازىرلا كېلىپ ئورغـاق بىلەن شارت قىلىپ بېشىنى ئۈزىۋېتىدىغاندەك ياكى ئاتىنىڭ قىلى بىلەن گېلىنى بوغىدىغاندەك ۋەھىمىدە قەدەملىرىنى تېز-تېز يۆتكەپ، تامنىڭ بۇرجىكىگە بېرىپلا ئۇھ دەپ تىندى.

ئۇماچ تولىمۇ تەستە قاينىدى. قىزى ئالدىغا قويۇلغان ئاشنىڭ هورىغا يۈزىنى بىردەم تۇتـۇپ ئۇشـتۇمتۇت: ئـاپوي، ئاتـام قېنـى؟دەپ يىغلاشـقا تەمشەلدى. خەلچىخاننىڭ خىيالىغا راخمان كەلدى: ئۆڭۈپ كەتكەن چىبەرقۇت شىمىنى دائىم تىزىغىچە تۈرىۋېلىپ، ئالدىغا دۈمچىيىپ تۆگىدەك لۆڭ-لۆڭ ماڭىدىغان پاكار بىر ئادەم ئالقىنىغا تۈكۈرىمەن دەپ تىكەندەك ئۇچلۇق قىزغۇچ ساقىلىغا تۈكۈرۈپ گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپماقتا، لاي سۇ ئېچىقتىن شارقىراپ چۈشمەكتە، ئۇ ئېقىنىغا ئەگىشىپ چېپىپ يۈرمەكتە... ئۇ قىزىنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدىن ياسدى:

ــ ئاتاڭ شاللىقتا، سۇ قويۇپ بولۇپلا كېلىدۇ.

ئۇ قىزىنىڭ ئاش ئىچمەي يەنە بايىقىدەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جەهلى قاتتى:

ــ ئاتاڭنى ئىمەتىڭ پاسكىنا، هازىر كېلىدۇ دەۋاتىمەنغۇ!

قىزى ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە مىقتەك قادالغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇقىنا قول ئۇزاتتى ۋە ئېشىغا چۈشۈپ قالغان قارا بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

خەلچىخان قاچىنى ئوتنىڭ يورۇقىغا يېقىن ئەكىلىپ ئۇنىڭ چىۋىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۇماچقا ئۈچ قېتىم چۆكتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئاشنى قىزىغا بەردى. قىزى قاچىنى قولىغا ئېلىپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتى، قورسىقىنىڭ كوكىراۋاتقان ئاۋازىنى بىر دەم تىڭشاپ تۇردى-دە، ئاشنى پۈدىمەيلا ئىچىپ كەتتى، قىزىق ئاش ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ، بۇلاقتەك كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. خەلچىخانىنىڭ ئىچى ۋىژژىدە ئېچىشىپ ۋاقىراپ كەتتى:

—شالاپلاتماي ئاستىراق ئىچسەڭ بولمامدۇ ئېشىڭنى ئىت ئىچىۋالمىغاندىكىن بىر!

قىزى ئاشنى شۇ يوسۇندا ئىچىپ تۈگەتتى ۋە قولىنى يالاپ تۇرۇپ يەنە ئىچمەن دەپ غەلۋە قىلدى.

— ئاتاڭ كەلسۇن، بىللە ئىچمىز- دېدى خەلچىخان- ئاش قالمىسا هېلى كالتەكنى سەن يېمەيسەن!

قىزى يېرىم ئاچ ئۇخلاپ قالدى. خەلچىخان يوتقاننى تارتىپ يېپىپ قويۇپ كۆزىنى يۇمدى، ئەمما هېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. دەرەخلەر غىرىس-غىرىس، شار-شۇر قىلىپ ئۆينى هازىرلا بېسىپ چۈشىدىغاندەك سۈرەن سالاتتى. تېرەك ياپراقلىرىنىڭ ۋەهىمىلىك ئۇرۇلۇشى، قوناق شاخلىرىنىڭ شالدىرلىشى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، مۈشۈكلەرنىڭ تۈرۈپ-تۈرۈپ سەت ئاۋازدا مىياڭلىشى ئۆيدە ئەسكى يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان خەلچىخانغا گويا بىر توپ جىن-ئالۋاستى ئاسماندا، يەردە تەڭلا پەيدا بولۇپ ئۆينى قورشىۋالغاندەك، جۇلقى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىشىكنى هازىرلا تېپىپ ئېچىپ كىرىپ ئۇنى تالاغا سۆرەپ چىقىپ بوغۇپ

ئۆلتۈرىدىغانـدەك بىلىنىـپ، ئـۇنى قورقـۇنچتىن نەپەسـىنىمۇ چـوڭراق ئـالالمىغۇدەك ھالغـا كەلتـۈرۈپ قويـدى. راخمـان بولغـان بولسـىمۇ بۇنـداق بولمايتتى؛ ئۇ قورقمـايتتى، خەلچىخـاننى ئـىللىـق قۇچىقىغـا سـولاپ، ۋىجـىك ئەممـا كۈچلـۈك گەۋدىسـى بىـلەن ئـۇنى پـادىچى قـويىنى ئاسـرىغاندەك ئاسرىيالايتتى.

شۇ مىنۇتتا خەلچىخان كۆكسـىنىڭ تۈيۇقسـىز تىتـرەپ-تىتـرەپ، كۆپـۈپ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئارقىدىنلا پۈتۈن بەدىنىنىڭ قىزىپ ھەۋەس ئوتىدا يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ ئەسلىدە باي دېھقاننىڭ قىزى ئىدى، بىراق سەت چوڭ بولـۇپ قالـدى، لېكىن ئىشنى بەك قىلاتتى، قازان بېشىدىن بىكـار بولسـا ئېتىزلىقتا چىقـاتتى. ئەممـا يېشـى چوڭايغـانچە ئائىلىسـىدىكىلەر ئۇنىـڭ ئەر ئالمـاي ئولتـۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ بارغانچە لەققالىشىپ، گەپنى تـولا قىلىـپ ئىشـنى ئاۋۇتمايىۋاتقـانلىقىنى ھېس قىلىـپ، ئـۇنى نەدىـن بولمىسـۇن خۇدانىـڭ بىـر مۆمىن بەندىسىگە ياتلىق قىلىپ پەرزنى ئادا قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلـدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا قوشنا كەنتتىن نامراتلىقىدىن ئوتتۇزغا كىرگۈچە خوتۇن ئالالمىغان راخمىنـاخۇن ئـۇرۇق-تۇغقانلىرىنـىڭ تونۇشتۇرۇشـى بىـلەن خەلچىخـاننى قېيناتىسىغا ئىككى ئايغا يېقىن ئېشەكتەك ئىشلەپ بېرىش ۋە ئازغىنـا بىسـاتى بەدىلىگە ئەل قاتارى توي قىلىپ نىكاھىغا ئالدى.

توي ئاخشـىمى خەلچىخـان ھازىرقىـدەكلا ھاياجانلانغـان، راخمـان بولسـا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭ يېنىدا ھودۇقـۇپ-تەمتـىرەپ ئـاخىرى قوپـاللىق بىـلەن ئـۇنى قۇچـاقلاپ كەتكەنـدى. ئـۇ شـۇلارنى ئەسـلەپ، ئاشـۇ سـەزگۈنى خىيالەن پەيدا قىلىپ، شېرىن تەسـەۋۋۇر ئـارقىلىق كاللىسـىدىكى قورقـۇنچنى

يوقاتماقچى بولدى، يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ سۇپىنىڭ ئۈستىدە دومىلاشقا باشلىدى، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە دىققەت قىلىپ قالدى. قىزى يا ئۆزىگە يا راخمانغا ئوخشىمايتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنى بۇ قىزنى خەلچىخان ئەمەس، پەرىزات سۈپەتلىك جىن تۇغقان دېيىشەتتى. خەلچىخان بۇنداق گەپلەردىن ئۆلگىدەك تېرىكەتتى، لېكىن ئۆزىمۇ بەزىدە شۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرەمدىغاندۇ دەپ گۇمان قىلاتتى، ئەمما قىزنى تۇغقان چاغدىكى سەزگۈ ئەسلىمىلىرى ئۇنى بۇنىڭغا ئەسلا ئىشەندۈرمەيتتى. ئۇ تولغاق تۇتۇپ راخمىناخۇن دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغىچە بوۋاق ئالىقاچان راخمىناخۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان ، خەلچىخاننىڭ تېنى ساغلام بولغاچقا بىر ئايغا قالمايلا كۆتۈرۈپ كەتكەنىدى. قىزى بۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك ئۆسۈش شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە قارىماي ناھايىتى ساغلام چوڭ بولدى. بۇنىڭدىن راخمان ئاجايىپ خۇشال بولدى. باشقىلارنىڭ ھەر نېمە دېيىشىگە قارىماي خۇدا بەردى، خۇدانىڭ بىزگە كۆزى چۈشۈپتۇ دەپ كۆرگەنلا ئادەمگە قىزنى ماختاپ بەردى ھەم قولى قىسقا بولۇشىغا قارىماي مەھەللىدىكىلەرگە ئات چېيى بېرىپ، قىزنىڭ ئىسمىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش بولسۇن دەپ ئامىنە دەپ قويدى.

خەلچىخان قىزنىڭ شۇنچە كونا، كىر كىيىم ئىچىدىمۇ سەھەردىكى شەبنەمدەك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىلگىرىلا دىققەت قىلغانىدى، قىزىدىن تۇرۇپ سۆيۈنەتتى، تۇرۇپ چوڭ بولسا بېشىمىزغا ئامەت ئورنىغا بالا تېرىپ بېرەمدىكىن دەپ غەممۇ قىلاتتى؛ قىزنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر ئالامەتلەرنى تاپالماي، ئۇنىڭغا پات-پات ئۆي بولۇپمۇ قالاتتى، يات كۆزى

بىلەن قارايتتى؛ ئەمما يەنىلا ئىچ-ئىچىدىن ئۇنىڭغا بىر خىل ئانىلىق مېھرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى، كۆڭلىدىكى بىھۇدە، شۇم خىياللارنى يوقىتاتتى. كېيىنچە ئۇ ھەممىگە كۆنۈپ كەتتى، قىزىنىڭ ئاپتاپتەك پارلاپ تۇرىدىغان چىرايىمۇ ئۇنچە ئالاھىدە تۇيۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى. لېكىن مەھەللىدىكىلەر تاسادىپىي ئۆز ئۆيى تەرەپكە كېلىپ قالغۇدەك ياكى ئۆزى قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ ئېتىزلىققا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، باشقىلارنىڭ ئۆز قىزى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىدىنلا كونا خىياللىرى يەنە قوزغىلىپ قالاتتى.

ئۇ قىزىغا بىر دەم سىنچىلاپ قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى، قىزىنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭ نۇرانە ماڭلىيىغا يۈزىنى ياققىنىچە بىر ھازا خىيال سۈرۈپ، بورانىنىڭ شىددەتلىك ئاۋازىدىن، ئېرىنىڭ ئېتىزلىقتا نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بىر پەس ئەندىشىگە چۈشتى، ئاخىر ھارغىنلىق يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە راخمان چۆرگىلەپ كېتىۋاتقان قايىنامغا تاش ئاتقۇدەك، ھەر يوغان تاشلارنى توختىماي ئاتقۇدەك، سۇلار نالە قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرگىدەك...

## 2

قۇياش زېمىن، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن دىدارلاشقاندا مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. سالا ئېتىزلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان توپىلىق يولدا ئاۋۋال كەتمەننى دولىسىغا سالغان قاتاڭغۇر دېھقانلار، ئاندىن ياغلىقنى چېكىسىگىچە تېڭىۋالغان جاپاكەش خوتۇنلىرى پىيادە ياكى ھارۋىلىق مېڭىشىدۇ، باللىرى

ئارقىسىدىن قوزا-قوي، موزاي- توپاقلىرنى ھەيدەپ كېلىشىدۇ. ئۇلاغلار زىرائەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار قوغلاپ تۇرىدۇ، ئەمما زىرائەت ئىگىلىرىنىڭ تىل-ئاھانىتى ئۇلار شۇ يەردىن يوقالغىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

راخمان ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ھويلىسىدا پەيدا بولدى ۋە كەتمەننى تاشلاپ ئۆيگە كىرىپ، قىزىنىڭ كىيمىنى كىيدۈرۈپ ئولتۇرغان خەلچىخاننى كۆرۈپ تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلىدى ۋە گەپ-سۆزسىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى:

— نېرى تۇرۇڭلار، ئۆزەم كىيدۈرىمەن. مېڭىڭلا، بېرىپ ئاش ئۇسۇڭلار، قورساق ئېچىپ جان ئاز قالدى.

راخمان سۆزلىسە گېپى بىر-بىرىگە تەستە قولىشاتتى، ئاۋازىمۇ چىرايىغا ماس يېقىمسىز ۋە چىڭقىلىپ پۈۋدىسە چىقىدىغان سۇنايدەك ئالا تاغىل ئىدى.

خەلچىخاننىڭ ئەتىگەندىلا ھېچ سەۋەبسىزلا بۇنداق قوپاللىققا ئۇچرىغانلىقىغا لام-جىم دەپ تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ھەم ياڭراق ھەم ئېزىلەڭگۈ زۇۋانى راخماننىڭ قۇلىقىغا مۇشت بولۇپ تېگىشكە باشلىدى:

— ئەت پوق يېمەستە نېمە يوغانچىلىق قىلىسەن، نېمە لەللەڭنى چاينايسەن، ئاخشام كاللاڭغا جىن تەپتىمۇ يا، مېڭىسىنى ئۆتنە بەرگەن ساراڭ، تېخى كۆيۈنۈپ ئاش ئېلىپ قويۇپتىمەن، ئاخشام قورققىنىم ئازمۇ مېنىڭ، ئۆلەي دەۋاتسا تېپەي دەۋاتقىنىنى...

— نېمە؟ ما ئاناڭنى پېتلىق، ياتە مەيەردە!-راخمان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ، يىغلىپ بولمىغان ئورۇننىڭ ئۇستىگە باستى ۋە قورسىقىغا چىقىۋېلىپ، بىگىز قولىنى ئۇنىڭ قورقۇپ چەكچىيىپ قالغان كۆزىگە تەڭلەپ، يىغلىپ قالغان ئاچچىقىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك

تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قورقساڭ ئاشنا تاپ! ئەركەك جىن تاپ! تاپتىڭمۇ يا؟ باشقا خەقنىڭ خوتۇنى ئېرىگە ئېتىزدىمۇ ھەمراھ بولۇۋاتسا، سەن جوھۇت ئۆيدە يات! بالىنى ئەكەلگەچ بىردە سۇ قويۇشۇپ بېرەمدىكىن دېسەم كۆرۈڭا، يا ئۆزى يوق، يا بالا، يا بىر ئىسسىق ئاش!... ئا مولىمىن دېگەن ئىنساپسىز سەن بارمىغاندىكىن مەن باشتىن باشلاپ ئەكەلگەن سۇنى شاللىقىغا باشلىۋاپتۇ. كۆردۈڭمۇ ئا ئالتۇنخان ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئېڭىزلىقىقا ئۆلاغ باغلىۋاپتۇ. ما موزاي تېخىچە ئاچ تۇرسا، خەق نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا، كۆرۈڭا تېخى يەنە ۋالاقلايدا؟ ئاغزىڭغا كەتمەن دەستىسىنى تىقىۋېتىمەن ھېلى! چاپىقىڭنى ئادالاپ يۈر، ھۇ ئۆلمەيدىغان لومودى!

خەلچىخان تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى:

ــ ۋاي بولدى، قوپسام قوپاي خوش بولىدىغان ئىشىڭ بولسا، سەت ساراڭ!

راخمان ئورنىدىن تۇردى، ئايالىنىڭ بەدىنىدىن ئۆتكەن ئىسسىق تۇرۇپلا ئۇنى باشقىچە قىلىپ قويدى، خەلچىخاننى بېرىپ يەنە بېسىۋالماقچى بولۇپ بۇ نىيىتىنىڭ ئەپسىزلىكىنى تۇيۇپ تۆشىنى قاشلاپ:

ــ ئاش قېنى، ئاش، قورساق ئېچىپ كەتتى،-دېدى.

خەلچىخان ئۇنىڭ بىردىنلا مۆلايىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولدى ۋە تازا تىللاپ تويغۇزۇپ قويغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنىڭ يەنە تەلۋىلىكى تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنى يىغىۋالدى. ئېسىگە تۇرۇپلا بىر ئىش كېلىپ:

ــبايا نېمە دېدىڭلار، مولىمناخۇن مەن ئېچىپ كەلگەن سۇنى قويۇۋاپتۇ

دېدىڭلما؟-دېدى.

— قويۇۋاپتۇ شۇ.- دېدى راخمان.- ئارقىدىن مەن يەنە بېرىپ ئاچتىم، غىڭ قىلالمىدى، ئۇ يەردىن سەللا نېرى بولسام يەنە ئېچىۋالىدۇ، كېلىپ يەنە ئېتىمەن. نېمە قىپتۇ دەڭلا، مېنىڭ يەنە كېلىپ ئېچقىنى ئېتىۋېلىشىمنى بىلگەچكە توپىنىڭ ئارىسىغا يوغان بىر تاشنى كۆمۉپ قويۇپتۇ، كەتمەننى بىر چېپىپ تىكەنمەن، خۇدا چىڭ ساقلىدى، ھېلىمۇ ئۆزەمنى ئەپقېچىۋالدىم، بولمىسا كەتمەن قولۇمدىن چىقىپ ھوشۇقۇم ساق قالماسكەن...

— كەتمەنچۇ، كەتمەن نېمە بولدى؟

— بىسى ئۆلدى شۇ، مەھەممەت تۆمۉرچىگە يېرىم كۉن كۉرەك بېسىشىپ بەرسەم ئوڭلاپ بېرىدۇ.

— ئۆزىگە تاشلاپ بەرسەڭلا بولمامدۇ؟ قەستەن قىلغاندىكىن، ئۆزىگە دېدىڭلمۇ؟

— ئۇ بويىنغا ئالامدا؟ ئالمايدۇ، بەكىرەك دېسەم ئۇرۇشۇپ قالمەن. ئۇزاقى كۉن ئېچىق بېشىدا سۇ تالىشىپ قان بولۇشقىلى تاس قالدىم.

— ھە ئاڭلىدىم، ئالتۇنخان دادلاپ كەلدى.

مۇنداق ئىش بولدى. سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلدى دېدى، مەن ماڭا كەلدى دېسەم يەنە ئۇنىمايدۇ. تەڭ قويىلى دېسەم شېلىم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، سېنىڭ شېلىڭ شال، مېنىڭ شېلىم ئوت-چۆپمىكەن دەپ كەتمەننى كۆتۆرۉپ باردىم. بۉگۉن ماقۇل دەپ قويسام ئەمدى سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئېچىق بېشىغا تاش قويۇپ كەتمەننى كاردىن چىقاردى.

خەلچىخان قازانىدىكى مۇزدەك ئاشنى ئۇسۇپ، چىنىنى راخماننى

ئالدىدىكى ئەمبەلگە دوققىدە قويدى ۋە قولىنى سەگەز كۆڭلىكىگە ئېرتىپ، هويلىدا تۇرغان كەتمەننى كۆرۈپ قايناپ كەتتى:

— كىچىكمۇ ئەمەس، خېلى چوڭلا يېرى ناكا بوپتۇ، قاراڭلا راخمىناخۇن، سىلە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان بىلەن مەن ماۋۇ سىلىنىڭ خوتۇنلىرى بولغان ئادەم چىداپ تۇرالمايمەن، ئۆتكەندە ماۋۇ بىچارە قىزىمىز قانداق بولۇپ ئۆلارنىڭ كېۋەزلىكىگە موزاي ئاپىرىپ قالغان، بالىسى روزى كېۋەزلىكتىن ئۇزۇپ يېگەن قوغۇن-تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى موزايغا بەرگىلى تۇرۇپتىكەن، شۇنىزە قىزىڭ كېۋەزلىكمىدىن تاۋۇز ئوغرىلاپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ كېۋەزنى يېگۈزۈپتۇ، سەن نېمىلەر كېۋەز تېرىغاندا يالتىراق ئېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئۇرۇق سېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئېرىڭ راخمان بۇلتۇر بالام تۇراقنى كالاڭغا مېشىمىزنى يېگۈزۈۋەتتىڭ، كالا باققۇچە مېدە باق دەپ تىللاپ ئۇرغانىدى. ئەمدى بۇگۈنگە كېلىپ هەر قايسىڭنىڭمۇ تۇتۇلىدىغان كۈنلىرىڭ بار ئىكەن دەپ كونا خامانىنى سورۇپ يەتمىش پۇشتىمىزغىچە قوشۇپ تىللاپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىلە قوناققا سۇ قويىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە يوق، بولغان ئەهۋالنى بىلمەيسىلە، بار ئىزا-ئاهانەتنى مەن ئىشتتىم. ئالتۇنخان دېگەن ئاشۇ گۆرىدىن تۇڭگۈز قوپىدىغان سېرىق چىش جادۇگەرگە بولۇشۇپ ئاۋۇ مولىمىن دېگەن دارازىمۇ مېنى، سىلىنى قوشۇپ تىللىدى، هەتتا قىل قالدى ئۇرغىلى. جىم تۇرۇپ بەرسە ئادەمنى چىۋىن، پاشىلارمۇ بوزەك قىلىدۇ راخمىناخۇن، ئەگەر سىلە بارمىساڭلا ئۆزەم بارىمەن، كەتمەننى كۆزىگە كۆرسىتىمەن، مۇشۇ كەتمەندە چانىلىپ كەتسەممۇ مەيلى، مېنى توسماڭلا، توسماڭلا دەيمەن...

راخمان ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەننى تارتىۋېلىپ، مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ غەزەپتىن قايناپ-تېشىپ

كېتەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز رەھمى كەلدى-دە:

— ماڭە ئىشىڭنى قىل، تولا كاسىلدىماي،-دېدى.

خەلچىخان يىغلاشنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇنىڭدىن كۆز يېشىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىشنى ھەر ۋاق تەلەپ قىلاتتى. مۇشەققەتلىك مۇھىت، قوپال گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭغا تۇغۇلۇشىدىنلا ھەمراھ بولۇپ كەلدى، گويا ئۇنىڭ بويۇن-بەدەنلىرىگە قونغان توپا-چاڭ، كىر-قاسماقلاردەك ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. ئۇمۇ بۇلارغا قوتاندىكى قوي-كالا جۇدۇن-چاپقۇنلارغا ۋە ئاستىدىكى قىغ-چىلەلەرگە كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتتى. مۇھىمى ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا يىغلاشنى دىگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، ئۇنداق قىلىشنى ئارتۇقچە ھېسابلايتتى. بۇ ئۇنىڭ راخمان ئالدىدا ياش تۆكۈش ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس ياكى يىغلاشنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كۆز يېشى تالاي ھەسرەتلەردىن ئىلگىرىلا قۇرۇپ تۈگىگەندۇ ياكى بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا ئانىسى ئۇنىڭغا يىغلىما، يىغلىما دەپ بەك ئۆگىتىپ كەتكەندۇ...

راخمان ئېشىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى قىزىغا قويۇپ بەردى ۋە دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن كەتمەننى چوت بىلەن تۈزلىگەچ خوتۇنىغا ئاستا سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئىت چىشلىۋالسا بىرىپ چىشلىگىلى بولمايدۇ، پوققا چالما ئاتسا ئۆزىگە چاچرايدۇ، مەن جېنىمدا خۇدادىن قورقۇپ جېدەلدىن نېرى قاچىمەن-يۇ، خوتۇن كىشى تۇرۇپ سىلىگە كىم قويۇپتۇ ئۇرۇشۇشنىڭ دەپ...

خەلچىخان غۇدۇڭشىدى:

ــ قورقمەن، قورقمەن دەپ سىلىگە ئوخشاش كۆچۈكتەك تۆگۈلۈپ يېتىۋالسا بولامدىكەن، ئۇنداق بىشەملەردىن قورقۇپ قالمايدۇ كىشى...

ــ مېڭىڭلا ئەمسە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلا، ئالتۇنخان ئاشۇ بەستى بىلەن سىلىدەك خوتۇننى بۇقىدەك بىر تۆرتۈپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا ئاپىرىپ تىقىۋەتمىسە مانا مەن، نەچچە كۈن ۋاي بېلىم دەپ ياتسىلا شۇ، ئۇنىڭغا دوختۇر نەدە، پۇل نەدە!

ــ مېنىڭ جېنىم پاشىمكەن، چىۋىنمكەن،ـ خەلچىخان سەل تېرىكتى، شۇنداقتىمۇ قاتتىق گەپ قىلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تارتتى. تولا چىشىمغا تەگمەڭلا جۇمۇ، ساراڭ...

راخمان خوتۇنىنىڭ تېرىككىنىدىن خۇشال بولۇپ، توڭكاي چىشىنى چىقىرىپ ھىجايدى، قىزىنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى ۋە كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ:

ــ شاللىق توشاي دېدى، مەن ھازىر كېلىمەن، ھېلىقى پۇلنى بىر يەرگە تىقماي تۇرۇڭلا، دادۇيگە ئاق ئوغۇت كېلىپتىمىش، بىزمۇ ئەل قاتارى چىداپ، پۇل كەتسىمۇ ئاشۇ ئوغۇتتىن بىر خالتا ئەكىلىلى، خەق قۇيىدىكەن، بىزمۇ بىر قۇيۇپ باقايلى، قانداقراق بولىدۇ،ـدېدى.

ــ كۆكتاتلارغىچۇ؟ـخەلچىخان مەڭدەپ قالغاندەك سورىدى.

ــ ھە ئۇنىڭغا كېينچە، شالغا قۇيۇپ ئېشىپ قالسا...

ــ كۆكتاتمۇ قىشچە قورساقتا لازىم بولار؟

ــ ئاۋۋال ئاش يېمەي نېمە يەيسلەر؟ ئوغۇتنى ئىسراپ قىلمايلى دەيمەن...

راخمان يالىڭاياغ ھالدا گۈس-گۈس دەسسەپ توقايلىقتا ماڭدى، قىزى

ئارقىسىدىن ئەگەشتى. خەلچىخان ۋاقىرىدى:

ــ ئامىن، ھەي ئامىنەم نەگە بارىسەن؟

قىزى ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

## 3

كەنت قورۇسىغا بارىدىغان چوڭ يولغا تۇتاش ئۇزۇن بىر قاتار تام، تامنىڭ ئالدى كەينىدە باراخسانلاپ كەتكەن تېرەك، سۆگەتلەر، مېۋىلىك كۆچەتلەر ۋە ئۈزۈم تاللىرى بىلەن قاپلانغان كىچىك باغلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يول بىلەن باغنى بىر كەڭ ئۆستەڭ ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆستەڭ ئاپەتلىك يىللاردىن ئىلگىرى چېپىلغان بولۇپ، مەھەللىنىڭ جان تومۇرى، توپىدا ئېغناپ، ئېتىزدا مال بېقىپ يۈرگەن توپا تەرەت بالىلارنىڭ كۆڭۈللۈك جەننىتى. ئۆستەڭگە يانداش باغ ھەم سوقما تاملىق ئۆيلەرنىڭ قارشىسىدا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش غېرىبانە ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ. يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان بۇ قاتار تاملارنى ئۈچەيدەك تار، ئەگرى-بۈگرى بىر يول ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە تۈز ۋە كەڭ بولسىمۇ، كىشىلەر ئىشىكىنىڭ ئالدىغا قىغ ۋە ياغاچ-تاشلارنى بەسلىشىپ دۆۋىلەپ يولنى ئاشۇنداق تارلاشتۇرۇپ قويغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆي سېپىلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھاشارلىرى ئۈچۈن زاپاس توپلانغان ياغاچ-تاشلاپ چاپسانلا تۈگەپ قالاتتى. دۆۋە-دۆۋە قىغلار شۇ پېتى چوقچىيىپ، تۈگىسە يېڭىلىنىپ، ئۆستىلەپ بېسىلىپ تۇرىۋېرەتتى. مەھەللىدىكىلەردىن كىمنىڭ توپلىغان قىغى ئەڭ كۆپ بولسا، شۇنىڭ ئات-ئۇلىقى ئاڭ كۆپ ھەم باي ھېسابلىناتتى.

ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە سۇلياۋ يوپۇق دېگەندەك يېڭى نەرسىلەر كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنۇمنى كۆرگەن دېھقانلار ئاشلىقتىن مول-ھوسۇل ئېلىش ئۇمىدىنى بىرلا يەرلىك ئوغۇتقا باغلىۋالمايدىغان بولدى.

راخماننىڭ بىر قاپ ئاق ئوغۇتنى يۇدۇپ، خەلچىخاننى ۋە قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۇشلۇك غىزاسىنى يەپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئۇجمە سايىسىدا تېرەككە يۆلىنىپ، موخۇركا تارتىپ، خوتۇنلارنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ دىققىتى بۆلۈندى. كىر باسقان شەپكىسىنى بېشىغا دائىم سىڭايان قوندۇرۇپ يۇرۇيدىغان پاكار، چاقچاقچى بىرەيلەن ئۆچەي دەپ قالغان موخۇركىسىنى چىمدىپ كوچەپ شوراپ يەرگە چىرتتىدە تۈكۈرىۋەتتى ۋە راخمانغا قاراپ قىزىقسىنىپ كۈلدى:

ــ كۈن قاياقتىن چىقىۋاتىدۇ راخمانجان، باي بولۇپ قول خېلى ئۇزۇراپ قاپتۇ جۇمۇ!

يەنە بىرەيلەنمۇ گەپ قىستۇردى:

ــ گەپ خەلچىخاندا، مۇشۇ خەلچىخان ئۇنى باي قىلدى. قارىمامسىلە، تاپقان پۇلنى بۇزۇپ-چاچمىسۇن دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۇرۇيدۇ.

راخمان ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. خەلچىخان بىر چەتتىن گەپ قايتۇردى:

ــھەي ئوسمىناخۇن، سىلىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ سىلىنى شۇنداق باي قىلالىدىمۇ؟ دەپ باقسىلا، ئەر خەق خوتۇن خەققە پۇل تۇتقۇزغاننى سىلە نەدە كۆرگەن، كۆرۈڭ تېخى ما گەپنىڭ قىززىقلىقىنى!

ــ بىزنىڭ خوتۇننى تولا ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا خەلچىخان، ھەققىلىرى بولمىغاندىكىن!

ــ خوتۇنـدىن قورقـدىغان سايـماخۇنكەنلـدە، بوپتۇ گەپ قىلماي...

ــ خوتۇنـــدىن قورقـــدىغان مـــاۋۇ راخمىنـــاخۇن بىـــز ئەمەس جۇمـــۇ خەلچىخان، قانداق دېدىم راخمانجان؟!

راخمان كۈلۈپ، خەلچىخانغا ئەرلىك غۇرۇرى بىلەن بۇيرۇق سوقۇپ، تولا گەپ قىلماي ماڭ دەپ ئىشارەت قىلدى.

ــ قىزىڭىــز بەك چىرايلىــق جۇمـۇ خەلچىخــان،-دەپ گەپ باشـلىدى يەنە بىرەيلەن،- ئۆزىڭىز تۇغقانمۇ يا؟

ــ ئۆزەم تۇغماي كىم تۇغۇپتىكەن؟! تولا جېنىمغا تەگمىسلە...

ــ ئەمسە نېمىشقا بىرەرسىڭلىگە ئوخشمايدۇ؟

ــ ۋاي تاڭ، خۇدايىم مۇشۇنداق يارىتىپ قويـۇپتىكەن، ماڭا ئوخشـىمىغان بىـلەن ئاپامغــا ئوخشــايدۇ، ئاپــام ئاتامنىـــڭ ۋاقتىـــدا چىرايلىــق خوتــۇنلاردىن ئىكەندۇق...

قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان راخمان خەلچىخاننىڭ يەنە ئـۆز جايىدا مىت قىلماي تۇرغـانلىقىنى كـۆرۈپ زەردىسـى قاينىـدى، بـايىقى گەپنـى ئۇشتۇمتۇت يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇندىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئارقىسىغان ئۆرۈلۈپ، قاپ كۆتۈرگەن پېتـى تۆگـىدەك مېڭىــپ، ئۆزى بىلەن كارى يوق كاسىلداپ سۆزلەۋاتقان خەلچىخاننىــڭ قېشـىغا كەلـدى. خەلچىخاننىــڭ قىيىــق كـۆزى يانـدىكى ئـالامەتلەرگە خېلـى سـەزگۈر ئىـدى. راخماننىڭ تۇيۇقسىــز دېۋەيلەپ كېلىــپ قېلىشــى ئـۇنى قورقىتــۋەتتى، يانغــا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى، ساغرىسىغا تەگكەن تېپىــك ئۇنىــڭ جــۇدۇنىنى ئــۆرلەتتى، خەقنىــڭ ئالدىــدا چىرايلىــق گەپ قىلىۋېتىــپ تويۇقسىز زەربىگە ئۇچراش، قاراپ تۇرۇپ يەنە بوزەك بولۇش، ئۆيىدىغۇ مەيلى،

خەقنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق سەتلىشىش ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك ھەم ئورمانلىقتىكى يولۇچى بىر يىرتقۇچ ھايۋانغا توساتتىن ئۇچراپ قورقۇپ ئارقىدىن غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كەتكەندەك پەريادلىق چىقتى:

— ھەي ساراڭ، ھەي دەلتى! خەق نېمە دەپ قالار دېمەيدىغان پو كاللا، مېڭىسىنى سا چوقلاپ كەتكەن ساراڭ! يەنە تېپە قېنى...

خەلچىخان ۋارقىراپ كەللىگىنىچە ئىككى قولىنى سوزۇپ، قاپ يۇدۇپ ئېڭىشىپ تۇرغان راخماننىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتەردى. راخمان يەنە تېپىۋىدى، خەلچىخان دوڭغىيىۋالغاچقا پۇتى تەگمىدى؛ ئۇ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، باشقىلار"ھاي-ھاي راخمىناخۇن" دەپ ھاي بېرىپ بولغىچە قاپنى يەرگە ئىرغىتىپ تاشلاپ ئالدىغا يۈگۈردى. يەرگە قاتتىق چۈشكەن ئوغۇت قېپىنىڭ تىكچى بۆسۈلۈپ، ئاپئاق دانىچە ئوغۇتلار يەرگە شارىلداپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. راخمان قاپنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى سېرىلىپ كەتتى ۋە غەزىپىگە پايلىماي، يول چېتىدىكى ئېرىق بويىدا قىغ دۆۋىلەنگەچكە ئۆسەلمەي قۇرۇپ قالغان جىرىمنى سۇندۇرۇپ خەلچىخاننى قوغلاشقا تەمشەلدى. باشقىلار ئۇنى توسۇپ قولىدىكى تاياقنى تارتىۋالدى.

خەلچىخان راخماننىڭ يەنە قاتتىق ئۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، تۆكۈلۈپ كەتكەن ئوغۇتنى توپا بىلەن قوشۇپ ئوچۇملاپ، چىمداپ دېگۈدەك خالتىغا ئاران تەستە قۇيۇپ بولدى ۋە ئۆيگە چېپىپ بېرىپ يىپ ئەكەلدى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قادىۋالغان يىڭنىسى بىلەن يىرتىلغان يەرنى تۇجۇپلەپ تىكتى. راخماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇستىلەپ يەنە تىكتى. مۇشۇنىڭ ئۇچۇنمۇ

ئىككىسى بىر ھازا تالىشىپ، چاچلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى.

راخمان قاپنى يۇدۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇۋشىغا ئوسمىناخۇن دەرھال بايىقى تاياقنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— بۇنى تارتىۋالمىغان بولسام خوتۇنۇڭلىغا بىر مۇنچە دوختۇر پۇلى تۆلەيتتىڭلا ئاداش، بۇنى مەن جىرىمنىڭ بىر تېلى بەش مو ۋاقتىدا ئالغان. ھاي دەپ بولغىچە ئاچچىققا پايلىماي سۇندۇرۇۋەتتىڭلا. ئەي بولۇپ ئەمدى بوي تارتىۋاتقان نەرسە ئىدى، نېرى-بېرىسىنى دېيىشمەيلى، ئىزىغا پۇل بېرىپ كېتىڭلا، ماۋۇ كۆرگەنلەر گۇۋاھ بولۇپ قالسۇن،-دېدى.

راخمان چەكچىيىپ قاراپ قالدى. يۈزى بىردىنلا ئېسىلىپ، تېرىسى بوشىشىپ، بېشى بىگىز تىققاندەك زىڭىلداپ كەتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ، تىترەپ چىقىپ كەتتى:

— ئۇنداق چۈپەيلەشمەڭلا ئوسمىناخۇن، ئۆزەڭلا كۆردۇڭلا ئەينا، ما قانجۇقنى ساۋايمەن دەپ... ئاچچىق دېگەننى بىلىسىلە، قۇرۇپ قالغان نېمە ئوخشايدۇ دەپ... پۇل دەيسىلە، ئۆزەمنى سىلىگە تەخەي قىلىپ ساتايمۇ يا، تاپقاننى ئۇ يىلدىن بۇي يىلغا قورساققا تىقىپلا كۈن كۆرۈۋاتىمىز، ھەممىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ئادەمنى بۇنداق تەتۈر قىينىماڭلا، قىلىشىپ بەرگۇدەك ئىشىڭلا بولسا دەڭلا قىلىشىپ بېرىلى...

خەلچىخاننىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:

— نېمە دەۋاتىلا ئوسمىناخۇن، ئۇلاغ غاجىلاپ قۇرۇپ قالغان كۆسەينىمۇ پۇلغا ساتىدىغان گەپما؟! ئادەمنى ئۇنداق ئانىي تاپماڭلا ھەي...

— ئەللىك كويلۇق ئوغۇتقا چىقىنغان ئادەم بەش موچەنگە چىقنالامدۇ راخمىناخۇن، ئوغۇت ئېلىپ ئاشقان پارچە پۇللىرىڭلىنى چىقىرىڭلا-دېدى

ئوسمىناخۇن،- كوپراتسىيە تۇگەپ ئەمدى خېلى بېيىپ قالدىڭلا، بەش موچەننى دەپ ئادەمگە بۇنداق غىڭشىپ بەرمەڭلا، سەت تۇرىدۇ...

راخمان باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بېيىپ قالدى دېيىشىدىن كۆپ خۇرسەن بولاتتى ھەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. بىراق ئىچ كۆڭلىكىدىن يۈيىسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ يوقالمايدىغان پىت-سىركىلەردەك مەھكەم يېپىشىپ ئالغان نامراتلىقتىن قانچە قىلسىمۇ تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزى خىرە ھېس قىلاتتىيۇ، ئەمما ئۆزىگە كېلىۋاتقان تاشقى تەھدىتكە قايسى نىشانغا ئوق ئېتىشنى بىلمەي قالغان ئەسكەردەك جان ساقلاش ئۈچۈنلا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان قوش، سۆرەم ۋە ئاددىيغىنە تېرىقچىلىق ئادىتىگە تايىنىپلا تىرىكچىلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، تېخىمۇ چوڭ نەرسىلەرنى ھېس قىلىشقا چامى يەتمەيتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ جىم تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

— كىم بېيىپ كېتىپتۇ ئوسمىناخۇن، تولا مازاقلىماڭ جۇمۇ ئادەمنى، بېيىساڭلا سىلە بېيىغانسىلە، ئوغۇت ئېلىپ كەلسىلا پۇلى جىق بولامدىكەن؟ بۇ ئوغۇتنى بانكىدىن ئالغان پۇلغا سېتىۋالدۇق. گەدەندە مىڭ پاتمان قەرز ھازىر، راخمىناخۇن ساڭغا قاچان ئاش ساتسا شۇ چاغدا تۆلەيدۇ، ئۆسۈملىرىچۇ تېخى، ۋاي-ۋۇي، ئۇنى ھەر قايسىلىرى تۆلەپ بېرىشمەيلا غوجام، گەپنى ئازراق قىلىشسىلا ما يولنى بوشۇتۇپ...

ئوسمىناخۇن ئۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، راخماننىڭ پۈكۈلۈپ تۇرغان قەددىگە باشتىن بوي بىر سەپسالدى ۋە ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتىغا قاراپ:

— ئەمىسە راخمىناخۇن ئىشلىشىپ بېرەمسىلە، بېغىمغا ئەتە سوقما چۆرىمەكچى ئىدىم، يېرىم كۈن بولسىمۇ لاي دەسسەپ بېرىڭلا،-دېدى.

راخمان ئۈستىدىكى قاپنى سىلكىپ قويۇپ يېنىك تىنىدى، بۇنداق چاغدا ئۈنىڭ كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ھاجەتمەنلەرگە بېرىدىغان جاۋابى ھامان بىر خىل: بىر كۆزى سەل-پەس قىسىلىدۇ، ئاۋازى مۇلايىم ئاھاڭدا سوزۇلۇپ چىقىدۇ:

— ماقۇل.

ئۇنىڭ ياق دەپ بويۇن تولغاپ باققانلىقىنى بۇ مەھەللىدىكىلەردىن بىرەرسى كۆرگەن ئەمەس. ئەمما خەلچىخان بۇنداق ئەھۋالنى ئۆز ئۆيىدە دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇ ئۇزاققىچە تېرىكىپ، بوغۇلۇپ، ئاخىر تاياق يەپ يەنە بەربىر كۆنۈپ كەتتى.

— ئادەمنى بەك پەس كۆرىدىكەن بۇ خەق،-دېدى خەلچىخان قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلگەچ راخمانغا سوڭدىشىپ،-كۈنىمۇ كەچ بولاي دەپتۇ، مۇشۇ خەق گالۋاڭ قىلمىغان بولسا ئوغۇتنى بۇ كەمگە شالغا بېرىپ بولاتتۇق، ھەممىنى قىلغان سىلە شۇ، بىكاردىن تاياق كۆتۈرۈپ ئادەمگە...

خەلچىخان راخماننىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلماي كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھېلى بىكار مەن جۇمۇ دەپ قاپنى تاشلاپ كېلىپ، ئۆزىنى يەنە ئۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۈنىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە قىزىغا دوق قىلدى:

— ماڭە، چاققان-چاققان!

كەڭ شاللىق تىرگەندىكى ماشىلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، غايەت زور دائىرىدىكى يېشىل بوستانلىق قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئېتىزلىق بويىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە باراقسانلاپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ مايلىق يوپۇرمىقى تەڭگىدەك پارقىرايتتى. ساناقسىز نۇر هالقىلىرى شۇ يەردىن ئۆتۈشۈپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

خەلچىخان شالغا ئوغۇت بېرىشتىن ئاۋۋال راخماننىڭ دېگىنى بويىچە شال ئوتاشقا چۈشتى. بىر دەمدىن كېيىن خالتىدىن بۆلۈپ كەلگەن بىر چىلەك ئوغۇتنى كۆتۈرۈپ راخمان كەلدى. ئۇلار ياندىشىپ بىر سولغا چۈشتى.

خەلچىخان بېلىنى رۇسلاپ ئۇستۇن بولدى ۋە قىزنىڭ شاللىقنىڭ سۇزۇك هەم ئىسسىق سۇيىگە پۇتنى چىلاپ، قىرغا جەينىكىنى تىرەپ ئاسمانغا قاراپ ئاللىنېمىلەرنى غىڭشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئامراقلىقى تۇتتى. قىزنىڭ قورچاقتەك نازۇك، كىچىك قامتى، ئوماق رۇخسارى ئېتىزلىقنىڭ ئۆزىگە خاس خىلۋەت، گۈزەل مەنزىرىسىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

خەلچىخان يەنە قولنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى. ئۆزلىرىگە ئوخشاش شال ئوتاۋاتقان قىز-چوكانلارنىڭ رەت-رەت بىلەن سولغا كىرىپ گاھ بىر-بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، گاھ سۇ چېچىشىپ قىزغىن هالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېغىر تىنىپ پەسكە ئېگىشتى؛ لېۋەن چاغلىرىكى شوخلۇقلىرى گەرچە تۇزۇك چىرايى بولمىسىمۇ ئەمما مۇڭلۇق ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ قويىدىغان غەزەللىرى بىلەن بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سورۇنلارنى خېلى قىزىتىپ، يالغۇز قالغانلىرىدا ئۆزىدىن قانائەت تاپىدىغان ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرى يادىغا كەلدى. مۇڭلۇق، تەسىرلىك، ئىزگۇ ئاھاڭلار

ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە راخمانغا قاراپ ئېيتقۇسى كەلمىدى. ئەمما تاشقىن بولۇپ يامراۋاتقان گۈزەل ھېسسىياتلار كەلمەي-كەلمەي ئەمدى بىر كەلگەندە ئۇنى توختىتىۋېلىشقا مۇمكىن بولماي قالدى. ئاۋازى باشتا قىسىلىپ چىقتى، كېيىن زوۋانى بىردىنلا ئېچىلىپ، كاللىسىنى بېسىپ، ئۇنىنى بوغۇپ تۇرغان خىياللار ئارتۇقچە چۈشەكلەر، غەللە-غەشلەر بارا-بارا يوقاپ، توسۇلۇپ قالغان ئەك چوڭقۇر، تەسىرلىك ھېسسىياتلار بىراقلا پارتلاپ چىقتى:

يارىم توماق كىيىپتۇ،

ماڭلىيىغا چۈكۈرمەي.

قاچانغىچە يۈرۈيمىز،

كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي.

راخمان مۇشەققەت دەستىدىن ھېسسىياتى قېتىپ كەتكەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما خەلچىخان ئېيتالىغاندەك ئاشۇنداق مۇڭلۇق غەزەللەرنى ئاڭلىسا ئىچ-ئىچىدىن يۇمشاپ ئېرىپ كېتەتتى. بازارغا بېرىپ قالسا راۋاپ چېلىپ غەزەلخانلىق قىلىپ پۇل تاپىدىغان مەجرۇھلارنىڭ ئالدىدىن كەتمەيتتى، گاھىدا تەسىرلىنىپ كەتسە ئالدىغان بىرەر موچەن قويۇپ قوياتتى.

ئۇ خەلچىخاننىڭ كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ھالىتىگە ھەم ھەيران ، ھەم خۇشال بولۇپ يالتتىدە قاراپ قويدى، كاللىسىنى قاپلىۋالغان ئوغۇت، شال، مول-ھوسۇل، پۇل توغرىسىدىكى خىيالى بىردىنلا يوقالدى. رخمان توي قىلغاندا بىرەيلەن ئۇنىڭغا:"خەلچىخان غەزەلچى خوتۇن، زېرىكمەيسىلە" دېگەنىدى. خەلچىخاننى ئۆيگە كۆچۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن راخمان ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئۇنىتالماي كۆپ تىركەشتى. خەلچىخان

راخمانــدىن تــل-تايــاق يېگەنســېرى ئۆزىنــڭ ئەڭ قىممەتلــك ، گــۈزەل نەرسىسىنى گويا نومۇسچان قىز ئۆز مەخپىيىتىنــى باشــقىلاردىن يوشــۇرغاندەك يوشۇرۇپ، راخمان ئۆيدە يوق چاغــدا قىزىغــا ئوقــۇپ بېرەتتــى، قــزى خــۇددى ئاپىســنى تــۇنجى كۆرۈۋاتقانــدەك تىنىــق، غۇبارســز كۆزىــدىن ھەيرانلىــق ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بىر قېتىم راخمــان قىزىــدىن:"ئاپىڭــزغــا كۆيەمســز، مــاڭمۇ؟" دەپ ســورىغاندا قــزى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن:" سىز سۆيۈپ قويىسىڭىز سىزگە، ئاپام غەزەل ئۇقــۇپ بەرسە ئاپامغا" دېگەنىدى.

راخمان خوتۇنىنىڭ ھەقىقەتەن كارامتى بارلىقىدىن خۇرسەن بولىدى، بۇرۇنلا شۇنداق قىلغان بولسا، مەنمۇ خوش بولاتتىم، ئۇمۇ بېقىنىغا مۇشت يېمەيتتى، دەپ ئويلىدى.

خەلچىخان ناخشىسىنى توختىتىپ تۇرۇۋىدى قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ جاراڭلىق ئاۋازادا:

— ئاپوي، ئاپوي، يەنە ئوقۇپ بېرىڭە،- دېدى.

— ئوقۇڭلا خوتۇن،-دېدى راخمانمۇ گەردىنىنى قاشلاپ، خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ،-"يارنىڭ ئۆيى خاماندا" دەيدىغان غەزەلنى بىلەمسىلە، شۇنى ئوقۇڭلا، مەنمۇ تەڭ ئوقۇشۇپ بېرەي.

خەلچىخان ئۇنىڭ شۇ گەپىنى قىلىۋېتىپ يۈزى ھەم كۆزى كۈلكىدىن قورۇلۇپ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تولىمۇ سۆيۈملۈك، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىراق ئۇ بۇ خىل ھېسسياتنىڭ يەنە بىر دەملىك ئىكەنلىكىنى، نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كۆڭلىنىڭ يەنە ھاۋادەك تۇتۇلۇپ، ئارقىدىن قارلار ئۇچقۇنداپ، مۆلدۈرلەر

يېغىپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىپ، ئىچى ئۆرتەندى. راخماننىڭ خەق ئالدىدا پۈكلىنىپ، ئۆزىگىلا كۈچى يېتىدىغان تەلۋە، مۈڭ ھالىتىگە بولغان ئۆزاقتىن بۇيانقى قارشىلىق ھېسسىياتى قايتىدىن پەيدا بولدى:

ــ سەن ساراڭغىمۇ ناخشا ئوقۇپ بېرەمدۇ كىشى، ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چالغاندەك...

راخمان كۈلۈپ مەيدىسىنى قاشلىدى:

ــ ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن، بىزدىمۇ خۇدا بەرگەن كۆڭۈل، قوش مۇشتتەك يۈرەك بار.

ــ ئۆل ساراڭ!ـ خەلچىخان شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز شادلاندى ۋە يىراقتىن ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان ئاياللارغا قاراپ ناخشا ئوقۇغۇسى كېلىپ كەتتى،ـ ئەمىسە تەڭ ئېيتىلى.

خەلچىخان گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى ئەركىن-ئازادە قويۇۋېتىپ ناخشا باشلىدى، ئاھاڭ بايىقىدىنمۇ ياڭراق ۋە تەسىرلىك چىقتى:

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،

ئوت قالايدۇ ساماندا.

راخمان ئېڭىشىپ تۇرۇپ پىزەكنى يۇلىمەن دەپ ئېسىدە يوق شالنى يۇلىۋەتتى، پۇتى لايغا چىڭ پېتىپ كەتتى. ئۇ شۇ مىنۇتتا گويا گۈزەل باللىقىنى ئىزدەپ ماڭغاندەك، نۆۋەر چاغلىرىنى يېڭىباشتىن تاپقاندەك ھاياجانغا چۆمۈپ، ئىچىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، كۆڭلىنى سۆيۈنۈشكە چۆمدۈرگەن تەسىرلىك ھېسسىياتىنى ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى:

ئەركىن-ئازاد ياشايمىز،

بۇ بەختىيار زاماندا.

يولدىن ئۆتسە ھېچكىممۇ تۇزۇك ئېتىبار قىلمايدىغان بۇ ئەبگا ئەر-خوتۇن تېپىلغۇسىز خۇرسەنلىك ۋە مۇڭلىنىش ئىچىدە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى تاڭ قالدۇرۇپ، بەخت ئىچىدە بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەندى. ئىسسىق شامال ئەركىلەپ، كەچكى قۇياش خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ ئۇلارنى ئالقىشلايتتى.

ناخشا بىلەن ئىشمۇ ئاۋۇدى. راخمان ئوغۇتنى چېچىپ بولۇپ، شاللىق توشقاندا سۇنى توختىتىۋەتتى، مۇشۇ ئوغۇتنىڭ كۈچى بىلەن ئوغۇتنىڭ پۇلىنى نەچچە قاتلايدىغان خىيال ۋە كەلگۈسىدىكى مول-ھوسۇل تەسەۋۋۇرلىرى بىرلىشىپ ئۇنى بارغانسېرى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ بۈگۈنكىدەك تەسىرلىنىپ، شادلىنىپ باقمىغانىدى، بەلكىم خەلچىخانىمۇ شۇنداقتۇ، ئۇ ئەمدى ئالدىراپ تاياق يېمەيدىغان بولدى، يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پەرىشتىدەك نۇرانە قىزىمۇ بۈگۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قىزى چوڭ بولسا چوقۇم بەختلىك بولىدۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، پۈتۈن ئائىلە شاد-خۇراملىقتا چۆمىدىغان مۇشۇنداق كۈنلەر يەنە كېلىدۇ...

راخمان راھەتلىنىپ كېرىلدى. سۈپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرغان ئېتىزلىقتا ھوزۇرلىنىپ بىر قارىۋەتتى، ئوتنى تاغارغا تىقىپ موزاي ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقان خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.



“ئىشنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغان، شاخنى ئىنەكنىڭ پوقىدەك سويۇق،

شۇنچە كەتمەن چېپىپمۇ پۇل تېپىپ پولو يېيەلمىگەن ما قوڭالتاقنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان! بەرىكتى يوق شورتاڭ يەرگە ئاۋۋال قىغ تۆكمەي ئوغۇت چېچىپ، يەرنى تاشتەك قاتۇرۇپ غېمىدە يوق كېتىۋاتىدۇ يا ما تۇكباش، ئىست، مۇنداق پوقتا پايدىسى يوق ئىشنى قىلغىچە كەپسىگە بېرىپ بارىغا شۇكۇر قىلىپ خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ياتماي! راھەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، بۇ دەلتىگە خۇدا شۇڭا بەرمىگەن-دە! شېلىم ئوغۇتلانماي، تۇزۇك كۆكلىمەي، كېيىن دان تۇتۇپ، دانلىق گۇرۇچ بولماي ساپلا سۆك-كىرمەك چىقىپ قالسا، كۆرمەمدىغان ما ئىشنى! قىشچە پولو يېيەلمەي يۇرىمىزما؟! پۇل تېپىپ گۇرۇچ ئالغاندىن، يەنىلا ئۆزى ئىشلەپ تاپقان ياخشى، بەرىكتى بولىدۇ. ئالتۇنخان نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈنلەرگە كۆپ بارىدۇ، تۇراقمۇ پولوغا ئامراق، روزى دېگەن سويمىكىم گاڭپەن دەپلا غەلۋە قىلىدۇ، مەنمۇ گۇرۇچ تامىقىغا قەۋەتلا ئامراق. پۇلسىز كەلگەن ئوغۇتنىڭ كۈچى! مايسام تېز ئۆسىدۇ، شال ئوبدان ئوخشايدۇ، گۇرۇچ دېگەن مۆلدۈردەك تۆكۈلىدۇ، كۆردۈڭلىمۇ ئالتۇنخان ما ئىشنى، پۇرسەت، ئامەت دېگەن شۇنداقمۇ كېلەمدىغاندۇ دەپ قالسىلە! راخمان بۈگۈن ھالىغا بېقىپ ھال تارتماي شېلىغا ئوغۇت بەردى، خوتۇنى بىلەن تېخى ھازىرلا كەتتى! ئوغۇتنى بىر دەمدىلا ئېرىتىۋەتكەن سۇ قىردىن تېشىپ بىزنىڭ شاللىقتا چۈشەي دەپ قاپتۇ، كەتمەن بىلەن ئوشۇق ئەمەس بىرلا چېپىۋەتسەم بولىدى، ئامەت دېگەن بىزنىڭ ئېتىزغا شارقىراپ ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ ئامەتنى مانا ھازىر كەلتۈرىمەن! نېمە؟ ياۋاش ئادەمنى كۈن ئالغىلى قويۇڭلا دېدىڭلىما؟! ياق خوتۇن، مەن ئاشۇ ئاق ئوغۇت سىڭگەن سۇنىڭ راخماننىڭ ئۆلەي دېگەن شاللىقىدا لىقمۇ لىق تولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرالمايمەن، ئېچىۋېتىمەن! قاراڭلا، مانا ھازىرلا زاۋال چۈشتى، ناماز شاممۇ

بولاي دېدى، ئەتراپتا ھېچكىممۇ كۆرۈنمەيدۇ. قاراڭلا ئالتۇنخان، كاللاڭلا مېنىڭدەكمۇ ئىشلىمەيدۇ سىلىنىڭ، ئەقلىڭلا بولسا بىلىسىلە، ئوغۇت ئالىدىغان پۇلغا كۆكتات ئۇرۇقى، ئىككى مېتىر خەسە ئېلىۋالسام دەۋاتاتتىڭلا، ئەمدى ئۇ غەمدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇڭلا، كاللام ئىشلەمدىكەن، پەمىم بارمىكەن، ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك دېگەننى ئەجەپ دەپتىكىنا! قولۇمدا كەتمەن، قورساقتا پىلان بولسىلا مانا مەن تاپالايمەن، ھەممە نەرسىنى تاپالايمەن، ئۆيىمىزگە ئەكىلەلەيمەن”...

كەڭ ئېتىزنى ئوراپ تۇرغان دەرەخلىك يولدا مەھەللىگە قارايدىغان تېرەكنىڭ شاخلىرىنى چاتاپ، ۋەلىسپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ شۇم خىيال بىلەن كېلىۋاتقان موللىمناخۇن راخماننىڭ قارىسى يۈتۈشى بىلەنلا شاللىق بويىغا كېلىپ راخماننىڭ شاللىقىدىكى چايقىسىپ تۇرغان خاسىيەتلىك سۇلارغا قاراپ ھەممىنى ئىچىۋالغۇسى كەلدى ۋە ئەتراپقا بىر چۆرۈلۈپ قارىۋېتىپ ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، يېنىدىن دائىم ئايرىمايدىغان ئەپچىل، ئىتىك كەتمىنىنى ئېلىپ تىرگەندىكى ماش قويۇق ئۆسكەن ھەم كۆزگە پات چېلىقمايدىغان يەردىن ئېچىق ئاچتى، دەسلەپ كىچىك ئاچتى، كېيىن ئۇنىڭدىن رازى بولماي تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋەتتى. سۇلار شىرىلداپ، ئارقىدىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. موللىمناخۇننىڭ ئېتىزلىقى پەسرەك بولغاچقا سۇ ناھايىتى تېز ماڭدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا خۇمار يۈرەكلىرىمۇ تەشنالىقى قانغاندەك يايراپ، تېپىچەكلەپ كەتتى.

ئۇ قىزىل سۇلياۋ لېنتا بىلەن پۇختا قىلىپ يۆگەلگەن ۋەلىسپىتنى ئالدىرىماي تېپىپ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېلىۋاتاتتى، تېمىنىڭ كەينىگە كېلىپ، توپىنى لەڭپۇڭ ئېتىپ ئويناۋاتقان كىچىك ئوغلى روزى بىلەن

راخمانىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئۆزىچە تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلدى. روزى ئاتىسىدىكى خۇشاللىقنى بايقاپ قېلىپ بوينىنى سىلكىپ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ غەلۋە قىلدى:

ــ ئاتوي، نەگە باردىڭىز، ماڭا پۇل بېرىڭا!

ئۇ ۋەلىسىپتنى تېمىنىڭ ئارقىسىغا يۆلەپ قويۇپ بالىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى:

ــ ئاسلاندەك تولا مياڭلىما،-دېدى ئۇ بالىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ.- پۇل بەرسەم نېمە قىلىسەن؟

ــ ئامنەم ئىككىمىز كەمپۇت ئېلىپ يەيتتۇق!

ئۇ بالىسىنىڭ سۆزىگە مەستلىكى كېلىپ ئۇنىڭ ئوماق تەلەتىگە، تارتىنىشتىن قىسىلغان كۆزىگە بىر قاراپ قويدى، ئاندىن راخمانىنىڭ قىزىغا خەقنىڭ بېغىدا پىشاي دېگەن كۆك غورىلارغا كۆز سالغاندەك كۆز سالدى.

مولىمىناخۇنىنىڭ ئىچى يەنە قىززىشقا باشلىدى:"بۇ جىنتەكنىڭ شەيتاندەكلا ئۆسۈپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇرۇن ئەجەپ قارىماپتىكەنمىنا، راستىنلا پاكىز چوڭ بوپتۇ بۇ توخۇ پوقىلارنىڭ قىزى، روزى بىلەن پاتراق چوڭ بولساڭ سېنى ئۆزۈمگە كېلىن قىلىۋالامدىم تېخى ! گادای خەقنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆز يولىدا، تويلۇقىڭمۇ ئەرزان، ئەمما بۇ چىرايىڭ نېمىگە ئەسقاتىدۇ، روزىنى باي قىلالامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، سەن ئىشچان خوتۇن بولغىن، مانا شۇ ئەۋزەل"...

ــ راستمۇ ئامىنىخان،-دېدى ئۇ،-بالام كەمپىت ئېلىپ بەرسە يەملا؟

ــ يەيمەن،-قىز شۇنداق دەپلا بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، توپىغا كۆمۈپ قويغان پۇتىنى تارتىۋالدى.

مولـمـناخۇن كۈلۈپ يەنە سورىدى:

ــ ئاتـىلـىرى ئۆيدە نېمە ئـىش قـىلـىۋاتـىدۇ؟

ــ ئوتۇن يېرىۋاتـىدۇ.

ــ ئاپىلـىرىچۇ؟

ــ چامغۇر ئادالاۋاتـىدۇ.

ــ بېرىپ ئاتـىلـىرىغا دېسىلە، بـىز يـېقـىن قوشـنـا بولغانـدىكـىن بـىـرەر ۋاق تاماقنى بـىزنـىڭ ئۆيدە يېسە تۈزـمـىز كاملاپ قالمايدۇ، كۈندە سـويۇق-سـەلەڭ، كولدۇر-كوپپاڭ ئاش ئـىچـىۋېرەمسىلە دەيدۇ دەپ قويسىلا!

قـىز يەر تېگـىدىن ئۈنـگـىگە گۆدەكلەرگە خـاس غەرەزسـىـز تەرزدە تـىكـىلـىـپ، ئەمدى ئېچىلغان كېـۋەز غوزىسـىدەك ئاپئـاق چـىشـلـىرىنى چـىقـىرىـپ كۈلـدى، كـىرپـىكلـىرى جۈپلـىشـىپ، نەملـىكتـىن كـىرىشـىپ كەتتى. روزىغا بـىر قاراپ قويۇپ ئارقـىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئـىككى يانغا تويا چاچرىتـىپ يۈگۈرەپ كەتتى. شۇ ئەسـنادا ئالتۇنخانـىنـىڭ:

ــ روزى، ھەي روزاخۇن،-دەپ چاقـىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مـاڭە ئاپـاڭ چاقـىرىـدۇ،-دېـدى مولـمـنـاخۇن ئورنـىـدىن تـۇرۇپ،- ئـاش پـىشقان ئوخشايدۇ.

**6**

مولـمـناخۇنـنـىڭ بەستـمۇ، سوقما قـىلـىنغان تېمـمۇ، تېرەكلـىرىمۇ ئېگـىـز ئـىـدى. ئـۇ يـول ماڭـسـا ھەمـمە نەرسـىگە چاشـقانـىـڭ كۆزىـدىن غـىلـدىرلاپ تۇرىدىغان سىنچى كۆزلـىرى بـىلەن قاراپ ماڭاتتى. مەھەللـىدىكى بـىرەرسـىنـىڭ

ئوخشىغان زىرائەتتى، چوڭايغان تېرەكلىرى، كۆپەيگەن ئۈلاقلىرى، ھەتتا كىيگەن كىيىم، يېگەن تاماق، تۇتقان ئۆيىدىكى سەرەمجانلارنى بىلمەي قالسا، ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق غەش بولاتتى. ئۆزىنى قارىغۇ ئادەم تام-تۇساق يەردە كېتىۋاتقاندەك بىئەپ ھېس قىلاتتى. ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازارغا كەچ بولسىمۇ بارماي قويمايتتى. شۇنىسى قىززىقكى، ئۇنىڭ قەددى ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلىپ تۇرغاندەك، يولغا كەينىچە قىلىپ سېلىنغان سوقما تاملىق ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىمۇ، ھاجەتخانىسىمۇ، بېغىنىڭ شورىسىمۇ ئۇستىگە يۇقىرىلىغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ھەتتا تېرەكلىرىمۇ ئىچىگە قاراپ مايماق ئۆسكەندى. ھويلا ھەم باغلىرىدا سەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر، پۇختا قوتانلار، ئۆگزىسىدە كەپتەرخانا ۋە توخۇ كاتەكلىرى بىر-بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن؛ رەڭدار مېۋىلەر، سېمىز ماللار، زۇۋاندار توخۇ-كەپتەرلەر ھەممە ياقتا تولۇپ تۇراتتى.

راخمان قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خەلچىخاننى بىللە بېرىشقا ئۇنىتالماي، مولىمىناخۇننىڭ ئۆيىگە ئاخىر ئۆزى كەلدى. دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كېلىشى بىلەنلا شادىغا باغلانغان سېرىق ئىت چىشىنى ھېڭگايتىپ قاۋاپ كەتتى. راخمان بۇ ئۆيگە ئىككى يىل بۇرۇن بىر كەلگەنىدى، ئۇ چاغدا مولىمىناخۇننىڭ بۇنداق چوڭ دەرۋازىسى يوق ئىدى. مولىمىناخۇن چوڭ يولغا يىراق ئورناتقان بۇ يېڭى دەرۋازا خېلى ھەيۋەتلىك بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئۇستىدىن تېرەككىچە بادرا مىخلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە باغ قىلىنغان قوناق پاسىرى ۋە شال پاخلى قېلىن ئارتىۋېتىلگەچكە، ھويلىدىكى باراقسان ئۈزۈم بارىڭى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ھويلىنى كېچىدەك قاراڭغۇ قىلىۋەتكەنىدى، كەچ كىرىشى بىلەن بۇ قاراڭغۇلۇق زۇلمەتكە ئايلىناتتى، ئاسماندىن ھەتتا ئاي نۇرىمۇ شۇڭغۇپ

ئۆتەلمەيتتى.

راخمان گۆرىستانلىق ئىچىدىن تەۋرەپ چىقىۋاتقان ئەرۋاھتەك ئاستا قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتقان موللىمىناخۇننى كۆرۈپ ئالدىغا ئىككى چامداپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. يىرىك، قاتتىق قوللار بىر-بىرىگە تېگىشتى. موللىمىناخۇن راخماننىڭ دۈمبىسىدىن قەدىناسلارچە يېنىك ئىتتىرىپ:

— بۇ ئۆيگە پات كەلمەيتىڭلا راخمىناخۇن، دېمىسەم يەنە كەلمەستىڭلا، قېنى ئۆيگە،-دېدى.

راخمان خۇشاللىق ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە ئۆي-دۆڭ بولسىمۇ ناھايىتى كەڭ ھويلىغا قەدەم باستى ۋە سۇپىدا ئولتۇرۇپ تامدىكى زەدىۋالغان يۆلەندى. كۆزىگە چۈشۈپ قالغان شەپكىسنى ئېلىپ مايمان چېكىلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنى تىزىغا كەيدۈرۈپ قويدى ۋە بېشىنى قاشلاپ، قاراڭغۇلۇقتا تېخىمۇ زور، ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان باغ-ۋارانلارغا ھەۋەس بىلەن سەپسالدى. موللىمىناخۇننىڭ سەھەردىن كەچكىچە، قىش-ياز خوتۇنى ھەم ئىككى بالىسى بىلەن قىمىرلاپ يۈرۈپ زىرائەتنى ئەڭ باشتا تېرىپ، سۇنى ئەڭ باشتا قويۇپ، خاماننى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ، پاخال، سامان، ئوت-چۆپ، پاسارلارنى، ھەتتار تېرەكتىن چۈشكەن غازاڭلارنىمۇ قويماي ئۆيگە توشۇپ، ئۇلاغلىرىنى سەمرىتىپ، شۇنچىلىك مۇشەققەت بىلەن بەرپا قىلغان تەئەللۇقاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە بۇرۇنقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ ئارتۇقچە تەرەپلەرنى ئويلىمايتتى، ئويلاشقا ھەم قۇربىتى يەتمەيتتى.

قازناق ئۆيدە موللىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ تالىشىۋاتاتتى:

— ما خوتۇنى كۆرمەمدىغان، سۈيۈقئاشتىن بىر چىنىمۇ يوقما؟ ئۇنى

ئاتايىن چاقىرىپ قۇرۇق چاي بىلەن يولغا سالىمىزما؟

ـــ تۇراقجان كەلسە نىمە ئىچىدۇ، روزىمۇ تېخى ئاران بىر چىنە ئىچتى.

ـــ ئەمىسە راخمان نېمە يەيدۇ، ئۆرۈك بىلەن نان يەمدۇ؟ قېتىق باردۇ؟ قوغۇن-تاۋۇز بولسىمۇ بولاتتى.

ـــ ئوھوش، قويۇڭلا، ئىشكاپتا پولو بار، ئەتكىلى ناھايىتى ئىككى كۈن بولدى. گۈرۈچنى سەل جىق سېلىپ قويۇپتىكەنمەن، تويدىن ئېشىپ ئازراق پۇراپ قاپتىكەن، باللار يېگىلى ئۇنىمىدى، بەرسەك شۇنى بېرىلى، باشقا نەرسە يوق، راخمان پولونى كۆرسە دۈم چۈشىدۇ.

ـــ قولۇڭلا بىر نەرسىگە خېلى چەن ئىدىغۇ، نەچچە دېدىم ئاشنى ئىسراپ قىلماڭلا دەپ، ئەمدى ئۇ پۇراپ قالغان نەرسىنى خەققە بەرسەك، ئاشقازىنى بىر نىمە بولسا، ئۇ كالۋانى ئۇششۇقلۇق قىلمايدۇ دەمسىلە؟! قويۇڭلا سىلىنى.

ـــ تويدىن ئېشىپ قالدى دەۋاتىمەنغۇ، نېمانداق گەپ ئۇقمايسىلە، ئىشكاپتا بارى شۇ، ئاۋۋال بېرىپ باقىلى، خوش بولمىسا مانا مەن، ئۆزىمىغۇ ئېغىزغا بىر كاپام سالسىلا گالدىن چاپسانلا ئۆتۈپ كەتكۈدەك ياغلىق ئاش بوپتىكەن، تۆكۈۋېتەي دېسەم خۇدانىڭ نېمىتىنى خارلىغانلىق بولۇپ قالار، ئۇلاغقا بېرىۋېتەي دېسەم زىيان قىلارمىكىن دېدىم. ئىتقا تېخى بەرگىلى بولمايدۇ، توخۇلارغىمۇ زايە كېتىدۇ، دېگەن بىلەن ئۇنچىمۇ پۇراپ قالمىغان، راخماننى چاقىرىپ كەلگىنىڭلار بىساتتا ئوبدان ئىش بولدى، ئاشۇ بولسىمۇ يەۋالسۇن، كېيىنچە ئەسقېتىپمۇ قالار.

ـــ ئەمىسە ئۇستىگە ئازراق قېتىق ئۇلەشتۈرۈپ چانمىغۇدەك قىلىپ بېرىۋېتىڭلا

ـــ ما ئەقلىڭلا جايىدا، مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم.

ئالتۇنخان ئىشكاپتىكى پولونىڭ ھەممىنى بىر لېگەنگە ئېلىپ ئۈستىگە بىر چىنە قالغان قېتىقنىڭ يېرىمىنى كۆنەلگىگە ئېلىپ قويۇپ يېرىمىنى تۆكتى ۋە ئاشقا ئىلەشتۈرۈپ راخماننىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا ئېلىپ چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن قويدى، ياغدەك سىلىق گەپ بىلەن راخماننى تاماققا زورلىدى، چاي قۇيۇپ ھارمىدى.

راخمان ئايلاپ كۆرمەيدىغان بۇنداق ئاشقا ئېغىز تەگكىنىدىن تەسىرلىنىپ ئىلگىرى بۇلارغا بەزىدە كەتمەن كۆتۈرۈپ قويغىنىغا ھەم خەلچىخانغا قوشۇپ تىللاپ كەتكىنىگە ئۆكۈندى. پىژىلداپ كەتكەن قورساق پەقەت گۈرۈچ ۋە قېتىققا تويۇنغانلىقىدىن يايراپ، تەم، پۇراق سەزگۈسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرىۋەتتى.

ئۇ لېگەندىكى لىق ئاشنىڭ يېرىمىنى يەپ قورساق راۋرۇس تويغاندا ئاندىن ئاشنىڭ سەل پۇراپ قالغانلىقىنى سەزدى، بىراق ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇنداق نېمەتكە كۆڭلىدە شەك كەلتۈرگىسى كەلمىدى. ئۆيىدە قالغان جاھىل خوتۇنى، ئوماق قىزىنى ئويلاپ، قالغان ئاشنى ئۇلارغا بېرىپ بەرگۈسى، پولونىڭ يېغى بىلەن خوتۇنىنىڭ گېلىنى مايلاپ، قىزىنىڭ لېۋىنى پارقىرىتىپ قويغۇسى كەلدى. ئالتۇنخان گويا ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولغاندەك لېگەندىكى قالغان ئاشنى ياغلىشىپ، ئىسلىشىپ كەتكەن ئاش كورىسىغا تۆكۈپ ئۇنىڭغا كۆتەرتىپ قويدى. خەلچىخانغا دەيدىغان بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ دەرۋازىنىڭ تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مولىمىناخۇن يەنە بىر مۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە يولغا سالدى.

كۆپ ئۆتمەي تۇراق دەرۋازىنى ئېچىپ كىردى. مولىمىناخۇن بىلەن

ئالتۇنخان تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

ــ قانداق قىلدىڭ؟ شاللىق توشۇپتۇمۇ؟- مولىمىناخۇن تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

ــ ئاشۇنداق يوغان ئېچىۋەتسەڭ توشماي قالامدۇ؟!- دېدى تۇراق كەتمەننى تاشلاپ.- ئېچىقنى ئېتىپ بولالماي نەچچە يىقىلىپ قوپتۇم، سۇغا پىشلدىم، قارا ما ئىشتاننى، ئۆزۈڭ ئېچىپ ئۆزۈڭ ئەتمەي ئەمدى مېنى يەنە راخماننىڭ تايىقى ئاستىغا قويغىلى تاس قالدىڭ، قولۇمدىكى كەتمەن تىترەپلا تۇرىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بېرىپ قالمىدى...

ــ تىرگەننى چانمىغۇدەك قىلىپ تۈزلىۋەتكەنسەن؟

ــ تۈزلىۋەتتىم، سەن ئېچىق ئاچقاندا كېسىلىپ كەتكەن ماشلارنى تېخى ئورنىغا كەلتۈرۈپ تىكىپ قويدۇم. لاي بىلەن يىقىلماس قىلىپ قاتۇرىۋەتتىم، ئۈستىگە ئازراق توپا تاشلاپ قويدۇم، ئاڭغىچە پاشا چېقىپ جېنىمنى ئاران قويدى.

ــ بولدى، ئېشىڭىزنى ئىچىڭ بالام، قورساقمۇ ئاچقاندۇ.-ئالتۇنخان ئاش ئېلىپ چىقتى،-شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ شال توشتى، ئوغۇتلاندى دەڭ، راخماننىڭ شاللىقىدا ئازراقمۇ سۇ قالمىدىما؟

ــ قالمىدى، مانا شۇ يېرى چاتاق! راخمان شال تېرىغاندا ئېتىزلىقنى سۇ سىڭمەس قىلىپ لېيىتىۋەتكەن، ئەمدى ئەتە قوپۇپ سۇ يوقلۇقىنى كۆرسە بىزنى تۇتامدىكىن دەم غېمىم شۇنىڭدا...

مولىمىناخۇن سۇپىدا ئولتۇرىۋېتىپ ئۆزۈن بىر ئەسنەك تارتتى ۋە:

ــ راخمان زىيان تارتقان گۇرۈچنى بىز بەردۇق بالام، تېخى مايلىرى بىلەن قوشۇپ بەردۇق. ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ ئادەم بولغاندىكىن ئانچە-

مۇنچە يۇزى قىزىرا، تەپ تارتا، ئىنساپ قىلا؟! كۆزى كۆردىمۇ؟ نەق جايدا تۇتۇۋالالىدىمۇ؟ شۇنداق قىلالىسا ھېساب. بولدى، بۇ گەپنى ئاز قىلىپ ئېشىڭنى ئىچ، يۈرەكلىك بول!-دېدى.

ــ سىلىمۇ مۇشۇ بالىنى خەقنى بوزەك قىلىشقا ئۆگىتىۋاتىسىلە،-دېدى ئالتۇنخان،-ئاشۇ بىچارە خەقنى كۈن ئالغىلى قويساق بولاتتى، راخمان سىلىدىن تەپ تارتقان بىلەن بۇ بالىنى ئېتىزلىقتەك بىر يەردە، كىشى كۆرمەستە ساراڭلىقى تۇتۇپ ئۇرۇپ كەتسە نېمە دېگىلى بولىدۇ... ئالتۇنخان دائىم موشۇنداق گەپلەر بىلەن ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى يوشۇرۇپ ئادەتلەنگەنىدى. مولىمىناخۇن گەپ-سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.



ــ ئادەمنى پەس كۆرۈپ ئەمدى بەرمىگەن موشۇ ئېشى قاپتۇما؟! ئىتقا بەرسە ئىتمۇ يېمەيدۇ، ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىمەن، نېرى تۇرۇڭلا دەيمەن كۆزۈمگە كىرىۋالماي!-خەلچىخان كورىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى.

راخمان خەلچىخاننىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى، خەق شۇنچە ئىززەت قىلىپ ئاش بەرسە، بۇ خوتۇن تەتۈرلۈك قىلىپ تۆكۈۋېتىمەن دېسە... ئۇنىڭ غەزىپى يەنە قوزغالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇزىنى بېسىپ يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئۇنداق قىلماڭلا جېنىم خوتۇن، مەن قورسىقىمنى تويغۇزمىساممۇ ھەر قايسىڭلىنى دەپ ئاتايتەن پولو ئەكەلسەم، يېمەيمەن دېسەڭلا قاملاشمايدۇ، قورسىقىڭلىمۇ ئاچقاندۇ؟

ــ قورساققا ئاش ئېتىپ ئىچىپ بولدۇق.

— ئەمسە ئامنەم يېسۇن.

— نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى، كۆكرىپ، پاختىلىشىپ قالاي دېگەن مۇشۇ ئاشنىزە بالىغا بېرەمدۇق؟ ئامنەم مىجەزى يوق، بايا ئۇخلاپ قالدى، بىر ئاغرىقنى ئىككى قىلاي دەمسىلە نېمە؟!

— يالغان گەپ قىلماڭلا!-راخمان جىددىيلەشتى،-بايا تېخى چاپراقشىپ ئويناپ يۈرگەن بالا بىساتتا ئاغرىپ قالمايدۇ.

— گالدىن قانداق ئۆتىدۇ دەيمەن ئۇ ئېچىپ قالغان ئاش! مەندەك ئادەم بولغان بولسام بەرگەن ئېشىڭ مۇشۇمۇ دەپ ئالتۇنخانىنىڭ بېشىغا لېگەن بىلەنلا ئاتاتتىم!

ئاش يېمەي پوق يەڭلا ئەمسە!- راخماننىڭ يۈزى ئاچچىقتىن چىڭقىلىپ، زاڭاقلىرى تىترەپ كەتتى،- كۆرۈڭا، خەق ئادەم كۆرۈپ ئاش بەرسە گېلىنى مايلاشنى ئۇقماي ۋالاقلاپ خەقنى قارغاپ يۈرۈيدا؟!

— ۋاي بولدى يەي، كۆڭلۈمنى دەپ ئەكەپسىلە، يېمىسەم يەنە ئۇرىدىغان ئوخشايسىلە، بالا ئويغىنىپ كەتمىسۇن يەنە،-خەلچىخان قوشۇقنى ئاشقا سالاي دەپ، راخماننىڭ يەنە ئۆزىگە چەكچىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ دەررۇ قولىنى يۈيدى-دە، ئاشتىن بىر كاپام ئېلىپ يېيىشكە تەمشەلدى، ئەمما پۇراقلاردىن كۆڭلى ئاينىپ يېيەلمەي قالدى.

— يەمسىلە، يېمەمسىلە؟

راخمان غەلىتە بىر ئەلپازدا خەلچىخاننى هازىرلا ئۇرۇپ دەسسۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. خەلچىخان ئۇنىڭ يوشۇرۇن غۇرۇرىغا تېگىپ كېتىشىدىن بەك قورقاتتى، ئۇ هازىر دەل موشۇنداق هالەتتە تۇراتتى. يەي دېسە تېخى، يېمە دېسە ئۇ خەقنىڭ كۆڭلىنى بەك چوڭ بىلىپ كېتىپ ئۆزىنى

پاس-پۇس ئۇرۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. بۇ تەلۋىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. قورساق قاتتىق ئېچىپ كەتكەن بولسا مەيلىدى، ئاش ئىچىپ بولغاندا سېسىق پولونى ئەمدى كىمنىڭمۇ يېگۇسى كېلىدۇ؟

— قورسىقىم بەك تويۇپ كېتىپتىكەن، ئەمدى ھېچنېمە يېگۈم يوق،- دېدى ئۇ ۋە يەنە راخماننىڭ بايىقىدەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ،- بولمىسا ئەتە يەي،-دېدى.

— ياق،-دېدى راخمان تەرسالىق قىلىپ،-سۇيقاش دېگەن قورساقتا تۇرمايدۇ، ماۋۇ دېگەن پولو، يەڭلا دېگەندىكىن يەڭلا، ئەتىگىچە پۇراپ تېخىمۇ يېگۈسىز بولىدۇ، سىلە يا كوپراتسىيىنى كۆرمىگەن كىچىك بالا بولمىساڭلا، ئاشنى قەتئىي زايە قىلمايلى، بولمىسا ئۆز ۋاقتىدىكىدەك ئۇۋالىغا قالىمىز.

خەلچىخان تەڭلىكتە قالدى، ئاخىرى قېتىققا چاپلاشقان گۇرۇچلەرنى تاللاپ يېگىلى تۇردى. راخمان تېرىكىپ ۋاقىراپ كەتتى:

— مېڭلا، مېڭلا، ئاتاڭلىنىڭ بەتتە پولوسى ئەمەس بۇ چۇقلاپ يەيدىغان! ئاتاڭلا دېگەن باي دېھقاننىڭ ئۆيى قالغان ئاۋۇ بەش ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدا. ما دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، كەمبەغەل دېگەن مۇشۇنىڭغا، خۇدا بەرگەن مۇشۇ رىسقىغا شۈكرى قىلماي نەگە بارىدۇ؟ خارلىقتا قالدىغان ئاش يوق بۇ يەردە، سىلە يېمىگەن ئاشنى خۇدالىق ئۈچۈن چار موزايغا بېرىۋېتىمەن، ئاشنىڭ قەدرىنى ھايۋان جېنىدا ئوبدان بىلىدۇ. ئوبدان بىر ئولتۇرۇپ بىر يەمدىكىن دېسە ئەمدى پوقنى يەڭلا...

خەلچىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ:

— ھەي، ھەي، ئاتامنىق چىشلەپ تارتقۇچى بولما سەن، مەنمۇ سېنى دەپلا ئولتۇرۇۋاتىمەن بۇ جىنىنىڭ كەپىسىدە....-دېدى.

خەلچخان راخماننىڭ تەلۋىلىكى تۇتمىسۇن دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ۋە بىر نېمىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— موزايغا ئوتنىڭ ھەممىنى سىپ بەرگەن، قورسىقى گۇمبەزدەك چىقىپ كېتىپتۇ، ئېچىغان ئاش زىيان قىلامدىكىن دەيمەن،-دېدى.

— ئېچىپ قالغان نېمە نەدىكەن،-دېدى راخمان،- سىلە يېمىگەن بىلەن موزاي يەيدۇ، قاراپ تۇرسام گۇرۇچنى خارلاپ يېگىلى ئۇنىمىدىڭلا، گۇرۇچ دېگەن نېمە بىلەمسىلە، ئۇ دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشى، جەننەتنىڭ ئېشى، سىلە شۇنى بىلمەيسىلە، بىلمىگەندىكىن ئاشۇنداق يېمەيسىلە، موزاي يېسۇن ھالال بولغاندىكىن دېسە يەنە ۋالاقلايسىلە، مېڭىڭلا، بېشىمغا كېلىپ رامزان چالماي ، ھەلەپتىن ئاشقان سامانىنى ئېلىۋېتىپ ئۇلاقنى ئادالاڭلا، موزاي يەپ بىر يايراپ سەمرىۋالسۇن، قاراپ ئىچىڭلا ئاداپ كېتەر ئىلاھىم.

خەلچخان گاڭگىراش ئىچىدە راخماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاش ئۇلاققا تۆكۈلدى. موزاي بېشىدىكى نۇقتىنىڭ ھالقىلىرىنى تاراقشىتىپ ئۇلاققا تومشۇقىنى تىقىپ، پۇشۇلداپ تۇرۇپ ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

خەلچخان ئىچىدە بىر نەرسە ئۆمىلۋاتقاندەك ئارامسىزلاندى. راخمان ئۇنىڭغا قاراپ گومۇشلاچە كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا مۇھىم بىر قائىدىنى سۆزلەشكە چۈشتى:

— ئات-ئۇلاغلاردىن تارتىپ قۇشقاچلارغىچە، ھەتتا چۈمۈلىگىچە ئۇنىڭ خۇدا بەرگەن ئۆز نېسىۋىسى، يەيدىغان رىسقى بولىدۇ. خۇدا بۇغداينى، گۈرۈچنى، كېپەك- سامانىنى قارا يەردىن تېپىپ چىقىپ ، ئۇچار قۇش ۋە مۇشۇ ھايۋانلارنى بېقىشنى بىزگە تاپشۇرغان. سىلە يېمىگەندىكىن موزاي يېدى، دېمەك ئۇنىڭ بۇنىڭدا بىر ئۆلۈش نېسىۋىسى بارلىقىنى خۇدا دىلىمغا سالغان

گەپ. قاراپ تۇرغىنىڭلار بىلەن ئۇنى يەۋالمايسىلە، مېڭىڭلا كىرىپ ئۆيقۇڭلىنى ئۇخلاڭلا، ئەتىگىنى قوپالمايدىكەنسىلە...

خەلچىخان ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قوۋيۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. راخمان موزاينىڭ پولونى پاك-پاكىز يەپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۇرۇشىنى بىر دەم كۆزىتىپ گويا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يايراپ كەتكەندەك ھوزۇرلاندى. موزاينى ئادىتى بويىچە قوتاندىن چىقىرىپ ئۇنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئېغىلغا سولاپ ئېشكىنى ئەتتى.

8

خەلچىخان يېرىم كېچىدە بىر ئەنسىز چۈش كۆردى. چۈشىدە چار موزاينىڭ كۆزى گۆھەرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقۇدەك، سەل تۇرۇپ تۇمانلىق ئاسماندىن چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر تۆكلۈپ، ئۇنىڭدىن يىغىلغان سۇلار ئۆستەڭگە(مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭ دېگۇدەك)يامراپ ئېقىپ كەلگۇدەك. ئۆستەڭدىكى لاي سۇلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن كۆتۈرگىدەك. شۇ ئەسنادا چار موزاي ئۆستەڭدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، بۇ قاتتىن ئۇ قاتقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقۇدەك. ئۇ خۇددى مۇشۇكتەك يەڭگىل ئۈزۈپ قىرغاققا يېتەي دېگەندە شار-شۇر قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكۇدەك. خەلچىخان موزاينىڭ بېشى كۆرۈنەر، گەۋدىسى كۆرۈنەر دەپ شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، موزاي سۇ يۈزىگە ئىككىنچىلەپ چىقمىغۇدەك...

خەلچىخان ئىچى سىقىلىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، بىر پەس

گۈگۈرلاپ جۆيلگەندىن كېيىن مېڭىسى تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پۈتۈن ئەت-ئەزايى يامغۇردا قالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پېشانە ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرنى يوتقان ئەستىرى بىلەن سۈرتىۋېتىپ راخمانىنىڭ قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، موزاي سولانغان ئېغىلغا يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ ئاران يېتىپ باردى ۋە كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئوبدان بىر قاردى. قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆزىدە سەل سۇسلاشتى، بىر نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلىدى، چار موزاي بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى بۇراپ خەلچىخان تەرەپكە قارىغاندەك قىلدى، كۆزلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى."ھېچ ئىش بولماپتۇ، ۋاي يۈرىكىم، قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى"... خەلچىخان قاراڭغۇلۇق قوينىدىن ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىغىنىچە پايپاسلاپ چىقتى ۋە ئىسسىق يوتقانغا كىرىپ راخمانىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا چاپلاشتى. بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسى ئاخىرى پەسكويغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى نەپەس رېتىمىغا ماسلىشىپ كەتتى.

خەلچىخان تاڭغا يېقىن كىمدۇر بىرىنىڭ بىر نېمىلەرنى دەپ پەرياد چېكىۋاتقىنىنى، بوش ئاۋازدا يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ چۈشىمۇ، ئۆڭىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، سۆڭگۈچىگە تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن مېڭىسى پارتلاپ كەتكەندەك بولۇپ، جېنى سىرقىراپ، سۇپىدا يۇمىلىنىپ كەتتى. قاتتىق ئىڭرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازدىن قىزىمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي ئىچى يىغا-زارە، ۋاقىراش-جارقىراش، ئالىلىكىملەرنى قارغاش ئاۋازى بىلەن تولدى.

ــ ۋاي نېمە، نېمە بولدى؟!-خەلچىخان ئېسىنى يىغىپ جان ئاچچىقىدا توۋلىدى.

ــ موزاي ئۆلۈپتۇ، ياته چوشقا، سەنمۇ ئۆلۈكۈڭنى سات!...

راخمانىنىڭ كارنىيىنى بىرى بوغقاندەك تەستە چىقىۋاتقان گېپى خەلچىخانغا بايىقى تېپىكتىنمۇ تۇيۇقسىز ۋە قاتتىق تۇيۇلدى. بېشىغا بىرى سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

ــ ماڭە ساراڭ،-دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ،-مەن تېخى يېرىم كېچىدە قارىغان تۇرسام، موزاي ساپمۇساق تۇراتتى.

ــ ئاناڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ، ئاتاڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ پىتلىق، ماڭە چىقىپ قاراپ باق، قورسىقىنى باداڭدەك قىلىپ ئۆلۈپ ياتسا...

خەلچىخان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئېغىلغا كىردى. چىلەگە بېغىنى قويۇپ يېنىچە سوزۇلۇپ ياتقان موزاينى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى: موزاينىڭ يۈزى ئۆزىنىڭ پوقى بىلەن مىلەنگەن بولۇپ، ئاسمان تەرەپتىكى كۆزى يۇمۇلمىغان، قورسىقى هازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك پومپىيىپ چىققانىدى. خەلچىخان چىداپ تۇرالماي ئۈنىنىڭ يېنىغا يۈكۈندى ۋە ئوچۇق كەتكەن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۇشتۇمتۇت ئۆرۈلۈپلا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئېتىلىپ بارغىنىچە، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان راخماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى:

ــ موزاينى سەن ئۆلتۈردۈڭ پو كاللا، زىيان قىلىدۇ دېسەم ئۈنىماي پەيغەمبىرىمنىڭ، جەننىتىمنىڭ ئېشى دەپ ئۇنى موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭ، ئېچىغان ئاشنى بەرمە دەپ تۇرسام گېپىمگە كىرمىدىڭ! يالغانمۇ، هە پوقۋاش يالغانمۇ، شۇنچە باقتىم، كۈيۈندۈم، ئاخىرى كېلىپ ئالتۇنخاننىڭ بەتەرەت ئەتكەن مىننەت ئېشىنى، ئاشۇ ئېچىپ كەتكەن سېسىق ئېشىنى سەن ئۆزەڭ يەپ ساراڭ بولۇپ، ئاندىن موزايغا بېرىپ ئۆلتۈردۈڭ، خوپ بولدىمۇ ئەمدى،

ۋۇ ئەقلى يوق سارالڭ، ئىت پوقى يېگەن گالۋالڭ، ئۇخلاۋاتسام تېخى مېنى ئۇرۇپ-تېپىسنا جوھوت، ئۇرە ئەمدى، ئۇرە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يە!...

راخمان يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. خەلچىخان ئۇنىڭ كونىراپ قالغان يەكتىكىنى ئىشتان بېغىغىچە تارتىپ يىرتىۋەتتى. مەيدە تۈكلىرىنى يۇلدى. بوينىنى تىرملاپ قان چىقىرىۋەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭ موشۇنداق قىلىشىنى يوللۇقتەك ھېسابلاپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى؛ كېيىن پۇتلىرى تىترەپ، قولى بوشاپ، ساڭگىلاپ، كۆزى موزاينىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىكىلگىنىچە چېكىتتەك قېتىپ قالدى. ئۇ خەلچىخاننى ئىتتىرىۋېتىپ موزاينىڭ يېنىغا ئاستا يۈكۈندى. ئۇنىڭ سالپىيىپ قالغان قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ ئىسسىق تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئىچىدە چاقماق چېقىپ ئۆتكەندەك بىر ئۈمىدە پەيدا بولدى. ئۇ موزاينىڭ بۇرنىغا قولىنى قويۇپ بىر پەس تۇردى، بارمىقىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ باقتى، بېشىنى سوزۇپ پۇراپ باقتى، موزايدا ھاياتلىقتىن ھېچقانداق نىشان كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا موزايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق شېرىن خىياللار بىر-بىرلەپ گۇمران بولدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— خەلچەك، توختا پىتلىق،-دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋازدا،- موزايغا ئوتنى سەن سېلىپ بەرگەننغۇ؟

ئىچكىرىكى ئۆيگە ھالسىز قەدەم بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقان خەلچىخان تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە راخماننىڭ ئۆزىگە جان كىرگەن تەرزدە باشقىچىلا ئۆڭۈپ، ھۈرپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغدى.

— ھە مەن سېلىپ بەرگەن، ئوت سېلىپ بەرگەنگە موزاي ئۆلمەيدۇ.

ــ نېمە سېلىپ بەرگەن؟

راخماننىڭ گويا ساقچى قاتىلنىڭ مەخپىيىتىنى ئۇقۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتقاندەك ھالىتىنى كۆرۈپ خەلچىخان ئۆڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى، ئاۋازى چوڭىيىپ، گەپلىرى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى تېزلىشىپ كەتتى:

ــ تولا دېۋەيلىمە ئادەمگە، ئۆزەڭ كۆردۈڭ، شاللىقنى ئوتىغاندا ئېتىزلىقتا نېمە بولسا شۇنى ئالدۇق، مەنمۇ شۇنى سېلىپ بەردىم. قىزاق، يېزەك دېگەن موزاينىڭ تامىقى! پۇراپ، ئېچىپ قالغان ئاشنى ئۆزەڭ بىرىپ يەنە نېمە دەيسەن؟! يەنە ئۇراي دەمسەن ئادەمنى!

ــ ئوتنى ئاتاڭنىڭ بېشىدەك سېلىپ بەرگىچە ئازراق سېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ ؟! پىتلىرىڭنى ئوتقا قوشۇپ موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭمۇ يا زادى نېمە قىلدىڭ؟! ـراخمان يەنە يېقىنلاپ كەلدى.

ــ پىتلىق دېگەن سەن، تولا ئېغىزىمنى ئاچما يوغانباش! ئاپاڭ بېقىڭلا دەپ بەرگەندە قوزىدەكلا بىشلەم نەرسە ئىدى. بېقىپ مۇشۇنچىلىك بولغىچە كۆيۈنۈپ ئوتنى جىق سېلىپ بېرىۋاتسام ھېچنېمە بولماي كېلىپ، بىر كۈن كەچتىلا ئوتنى ئانچىكىم جىق سېلىپ قويغانغا بىساتتىنا ئۆلۈپ قالمايدۇ! خۇدايىم، ھەي ئۇلۇغ خۇدايىم پولونى ئېچىپ قاپتۇ دېسەم ئۇنىماي ئۆزى بىرىپ، يەنە ھۆركىرەشكە يۈزى قانداق چىدايدىغاندۇ ماۋۇ سەت ساراڭنىڭ، ۋۇ يۈزىدە تۈكى بار سىرىق ئىت! كۆزۈمگە تولا كىرىۋالماي ماۋۇ ھارام نەرسەڭنى نېمە قىلساڭ قىل... ئۆلسە سېنىڭ ئۆلۈپتۇ مېڭي نېمتى...

خەلچىخان ئېغىزىدىن شۇ گەپلەرنى تۈيمايلا چىقىرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. راخمان ئۇنىڭ چېچىدىن تولاپ سۆپىغا ئەكىلىپ باستى، خەلچىخاننىڭ

ئاللا تونۇسىغا ئۇنىڭ بۇقا مۈرىگەندەك غەلىتە، تەلۋە زۇۋانى قوشۇلۇپ كەتتى:

— ھۇ ئۆلۈكنى سىتىپ يەيدىغان قانجۇق، ھۇ ئۆلمەيدىغان چوشقا، ما موزاي يالغۇز مېنىڭمۇ يا سېنىڭمۇ، ئوتنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۇنى مەنلا كۆرسەم شۇنداق جىق تاشلاپ بېرىسەن، بىشلەم موزايغا جانغا چۇشلۇق ئوت تاشلىساڭ بولمامدۇ-ھە؟! يېرىم كېچىدە سىيىپ كىرگەنىنىڭ ئورنىدا بىر قاراپ قويساڭ يامان كېتەمدۇ-ھە؟! ئەمدى ھارام بولغاندا نېمە كۇن بۇ ماڭا!...

خەلچىخان يۇلقۇنۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— قارىدىم، سىلە ئۇخلاۋاتقان چاغدا قارىسام ساپساق تۇراتتى...

— يالغانچىلىقىڭنى ئاتاڭغا دەپ بەر، ئاناڭغا دەپ بەر، سەندەك ئۇيقۇغا تويماس ھورۇن چوشقىنى ئېغىلغا سولىۋېتىمەن، سەنمۇ ئۆلسەڭ سېنىڭدىن براقلا قۇتۇلىمەن! قىزىم، ئامىنەم، مېڭىڭ، نېرى تۇرۇڭ، ئاپىڭىز دېگەن شوۋىچىغا يېقىن كەلمەڭ!...

خەلچىخان راخمانىنىڭ قولىنى يۇزىگە تەگكۇزمەي، بېشىنىڭ ئۇستىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان قىزىغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل يىغا تۇتتى. ئەمما كۆزىدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىچىدىكى قورقۇنچ ۋە ئازابنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇۋەتتى:

— شوۋىچى دېگەن سەن، ئىت پوقى يېگەن دەلتە، كالىلىسى يوق مەتو، خۇدايىم سەندەك ساراڭغا ھېلىمۇ بېرىپتىكەن، ئەر كىشى بولساڭ بۇنداق قىلمايسەن ھەي، كالىلىسىنىڭ سۇيى ئۆرلەپ كەتكەن قاسماق، تۇڭگۇزدەك پۇشۇلدىماي قوپ ئورنۇڭدىن، قولۇمنى قويۇۋەت دەيمەن!...

راخمان خەلچىخانىنىڭ ئاغزىنى مۇتاپ، ئۇنىڭ قارىداپ چىڭقىلىپ كەتكەن زاڭىقىغا تاشدەك قاتتىق قولى بىلەن تەستەكتىن بىرنى قويۇپ يەنە ئۇرماقچى

بولۇپتۇ، قىزى كىشىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا يىغلاپ كەتتى. راخمان تاقەت قىلغۇسىز بىر كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنى بەزلەشكە چۈشتى. خەلچىخان ئورنىدىن قوپۇپ، راخماننىڭ شۇ پۇرسەتتە يەنە تىللاپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى ۋە غوتۇلداپ سۆزلىگەچ تالاغا ھاجەتكە ماڭدى.

راخمان قىزىنى يىغىدىن توختىتىپ موزاينىڭ يېنىغا كەلدى. ئەتىۋارلاپ باققان موزاي مۇشۇنداق ئۆلۈپ، كۆزى ئوچۇقلا كەتسە-ھە! شۇنچە گۆش، ياغ بىكاردىنلا ھارام بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇ پەرىشان بولۇۋېتىپ خۇدانى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. موزاينىڭ يەيدىغان رىسقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، زىيانغا چىدىدى؛ بىراق شۇنچە بېقىپ ئۆزىنىڭ ئۈنىڭدىن ھېچقانداق رىسىق- نېسىۋە ئالالمىغىنىغا يەنىلا قورسىقى كۆيتى.

ئۇ كۆڭلى غەش ھالدا موزاينىڭ ئەتراپىدا بىر دەم چۆرگىلەپ تۇرغاندىن كېيىن ھېچ بولمىسا ئۈنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. قاسساپ ئىزدىگۈسى كەلمەي مەھەللە ئىچىدىن سوراپ يۈرۈپ بىر پىچاق تېپىپ كەلدى ۋە كەچكىچە موزاي سويۇش بىلەن ھەپىلەشتى، پىچاقنى قولىغا نەچچە سۈرىۋالدى. كۆپ قىينالدى، تېرىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان ئاپئاق ياغلار كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، قان تولۇپ تۇرغان گۆشلەر ئىچىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى. ئۆزىگە مىڭ قېتىملاپ ئۆكۈندى، كېچىدىكى غاپىللىقنى ئادەمگە ئوخشىتىپ تىللىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى موزاينىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ، قالغانلىرىنى تېمىنىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلىكتىن ئۆرەك كولاپ كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆمىۋەتتى.

سەھرانىڭ سەھىرى تولىمۇ گۈزەل، بۇ يەردە شاۋقۇن-سۈرەن، گۇدۇك ساداسى ياكى ئالىنىمىلەرنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆك ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يېشىللىق ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. دەرەخلەر قويال، ئاددىي ئۆيلەرنى ھەممە ياقتىن چىرايلىق ئوراپ تۇرىدۇ. سەگەك قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىدۇ. جانىدارلار كەڭ ئېتىزلاردا بەزمە قىلىشىدۇ. تاڭ پەردىسى مېۋىلىك باغلارنى جەننەت لىباسىغا ئورايدۇ. شەبنەملەر ياپراقلاردا تەۋرىنىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خورازلار چىللىشى بىلەن مۈگدەۋاتقان مۈشۈكلەر كۆزىنى ئاستا ئېچىپ ھويلا-ئارام ۋە باغ-ۋارانلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ. توخۇلار قونداقتىن چۇشۇشكە، ئادەملەر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەر جان ئۆز مۇھتاجلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر مۇھتىقا سىلجىيدۇ.

راخمان قىزنى قۇچاقلاپ لايدەك ياتقان خەلچىخاننىڭ بېشىدىن تۇرتۇپ ئويغاتتى. خەلچىخان چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئىچىدە راخماننى يەنە بىر قېتىم تىللاپ بولدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيال سۈردى.

راخمان ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى. قىزىنىڭ قاشتېشىدەك ئاق، سۈزۈك مەڭزىنى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان سۇبھى شولىسى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى، قىزىنىڭ ئەگىم قېشى، ئۇستىگە قايرىلىپ، جۇپلىشىپ، كىرىشىپ، قاراقلىرىغا ئەگىشىپ بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرغان كىرپىكلىرى، گويا تاڭدا ئېچىلغان

غۇنچىنىڭ بەرگى نەملىككە تويۇنۇپ ھىلپىرلەپ كەتكەندەك ھىمىرىلىپ تۇرغان نېپىز لېۋى ئاجايىپ تەڭداشسىز بىر گۈزەللىكنى نامايان قىلاتتى. قىش كۈنلىرى تۇغ بېشىدا سۇنىڭ پەسكە تامچىلاۋاتقان ھالىتىدە توڭلاپ قالىدىغان مۇز چوكىسى سىياقىدىكى سۈزۈك ھەم پارقىراق بۇرنى ئۇنىڭ تۇخۇم شەكلىدىكى چىرايلىق يۈزىگە ئىۋەنسىز ماسلاشقان بولۇپ، چوڭ بولسا ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ساھىبجاماللىقىدىن ئۇنسىز بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى نەپەس رېتىمىغا ئەگىشىپ بىر تارىيىپ، بىر كېڭىيەتتى، بۇدرۇققىنە قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە قويىۋالغانىدى.

راخمان ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر دەم قاراپ تۇردى ۋە خەلچىخاننىڭ بىلىكىدىن تۇرتۇپ:

— قاراڭلا ما بالىغا، تېخى تۇنۇگۇن توپا تەرەت ئويناۋاتاتتى، ئەمدى بۇگۈن ئەتىگەندە يۈزى يەنە بوۋاق بالىنىڭكىدەك پاكىزە بولۇپ قاپتۇ يا؟ ئاخشام سىلە يۈزىنى يۇيۇپ قويمىغانسىلە؟!-دېدى.

— تۇنۇگۇن كەچكىچە تاياق يەپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا نەدىكى چولا،-دېدى خەلچىخان،- كىچىك بالىنىڭ يۈزىنى كېچىسى شەيتان يالاپ قويىمىش، بۇنىڭ يۈزى مەنلا كۆرسەم شۇنداق  پاكىز، سىلە بىلەن بىزلا قاسماق بولۇپ قالدۇق، شۇ تۇرقىدا ھېچكىم بۇ بالىنى راخمىناخۇننىڭ يا خەلچىخاننىڭ بالىسى دېمەيدۇ.

— سىلىنى دېمىگەن بىلەن مېنى دەيدۇ. قىزىمغا مەن جامائەتنى چاقىرىپ، ئەل قاتارى ئات چېيى بېرىپ، ئەزان چىللاپ ئىسىم قويغان.

— ۋاي يوغان ئىش قىپتىكەنلا غوجام، ئەمىسە بۇ تام تۆشۈكىدىن چۈشۈپ قالغان بالىكەن-دە! چوڭچىلىقنى ئاز قىلىڭلا، بۇ گەپنى دېمىگەن

ئەمدى سىلە قالدىڭلا قوۋۇرغامنى ئېگىپ...

— قوۋۇرغاڭلىنى ئېگىپ باقايمۇ...

راخمانىنىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە تاپتى، زەپىرەڭ يۈزى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھاياجاندىن قىزىرىپ، مەڭزى لىپىلداپ كەتتى، خەلچىخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھودۇقۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە راخمانىنىڭ كولاپ تاشلانغا ئۆرۈك كۆتىكىدەك تېنى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجاندىن راخمانىنىڭ ئېغىزى كېرىلىپ، رەتسىز سېرىق چىشى قىزىل چىش مىلىكى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ قالدى. راخمان گەپ قىلماقچى بولۇپ گېپىنى تاپالمىدى. بۇنداق چاغدا گەپ قىلىشمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمايتتى. ئۇ ئۆلگىيۋاتقان ھېسسىياتىنى ھەققەتەن باسالماي قالدى، شۆلگەيلىرى جاۋغىيىدىن بىئىختىيار ئېقىپ چۈشتى. خەلچىخان بەلدەم-بەلدەم كىر باغلاپ كەتكەن بوينىغا چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سويۇقلۇقتىن يىرگەنگۈسى كەلسىمۇ، ئەمما دائىم شۇنداق بولغاچقا ئامالسىز ئىدى. راخمان تۈنۈگۈن دەل مۇشۇ ھالەتتە ئۇنى تاياقتا باسۇرغان، بۈگۈنمۇ ئۇ خەلچىخانىنىڭ مەيلىگە باقمايلا ئىش باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزى بىلەنلا كارى بولۇپ، خەلچىخاننى نېمىلا قىلسا بولىدىغان ھايۋاندەك كۆرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئۇ يەنە تاقەت قىلىپ جىم تۇرۇپ بەرسۇنمۇ؟ خەلچىخان ئىككى يانغا تولغىنىپ ئىگراپ كەتتى:

— قوپە ھەي ساراڭ، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ، ئادەمنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ سەن. چۈش دەيمەن! تاڭ ئاتقاندا كىم مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدۇ، تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقساڭ بولمامدۇ، ساۋاپ ئەمەسمۇ!

خەلچىخان سېرىلىپ كېتىۋاتقان كالتە ئىشتىنىنى يۇقىرىغا چىڭ تارتىپ

راخمـانـى ئۇسـتـىدىن ئـۆرـمەكچى بولـۇپ، جـان-جەھلـى بـىلەن تـىركەشـتى. راخمان ئۇنـىڭ بايـقى سۆزـىدىن سەل ئېسـگە كېلـىـپ بـىـر پەس شـۇك تـۇرۇپ قالــدى، ئۆرلەۋاتقـــان ھېسســـياتى قايناۋاتقـــان قازانغـــا بـــىـر نـــوگەي ســـۇ قويۇۋەتكەندەك پەسلەپ قالدى. بۇنـىڭدىن پايدىلانغان خەلچـخان بـار كـۈچىنى يىغىپ ئۇنى بىر تۈرتۈپ ئۇستىدىن ئـىرغىتىپ تاشلىدى.

راخمـــان تۈكـــۈرۈكىنى يۇتـــۇپ، ئىشـــتان بېغىنـــى چىگىتـــىپ، يىرتـــىق يەكتىكىـــنىڭ ئۇسـتىگە كـونىراپ ئۆڭـۈپ كەتـكەن شـەمبىزە چـاپىنىنى ئارتـىپ ئېتىزلىققا ماڭغىلى تەمشەلدى. خەلچىخان ئالدىراپ سورىدى:

ــ نەگە ماڭدىڭلا؟

ــ ئاپپاق خوجامنىڭ ئۈمچى بار يەرگە!

ــ تـــولا دوق قىلمـــاڭلا ئـــادەمگە، قورســـاقتا يېگـــۈدەك نەرســـىنى تېپـــىپ قويدۇم، ئانام قوناق ناندىن ئىككىنى بەرگەنتى ئاخشام، بىر نـاننى يېرىمـدىن يەپ مېڭىپ تۇرۇڭلا ئەمدى، سىلە كەلگۈچە ئاشمۇ پىشىپ قالار.

ــ ئاپامنىڭ يېنىغا كۆندە دوقۇشلاپ بېرىۋالدىكەنسىلە، ئۇلارمـۇ گېلىغـا نان يېمەمـدۇ؟ ئېتىزلىققـا چىقمامـدۇ؟! جېنىمـىزنـى باقالمىغانـدەك ئـۇ يەرگە بېرىۋالماڭلا ئەمدى!

ــ بەرگەنــگەن خــوش بولــۇپ يېســـىلە غوجــام، بىزمــۇ ئىشــلەۋاتىمىز ئۆزىمىزگە چۈشلۈق...

راخمان خەلچىخان ئېلىپ چىققان يېرىم نـاننى ئىككـى قـوللاپ تۇتـۇپ، ئۇۋاقلىرىنى بىر تالمۇ چۈشۈرۈپ قويماي، كالىدەك لومشىتىپ يېگىلى تۇردى. نــان قورســاقنىڭ ئاچقــان يېــرىگە باغانــدا ئــۇ خەلچىخانــدىن قەۋەت خۇرسـەن بولدى، ئەمما بۇنى بىلىندۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى.

— شاللىقتا بىرىپ كېلەي،-دېدى ئۇ ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى سىرىپ گېلىغا ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ،- سىلە ئاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن بىكار يۈرمەي سەيلىكنى ئوتاڭلا، موزاينى ئېگىزلىقتا ئەچىقىپ باغلاپ قويۇڭلا، ئوت سېلىپ بەرگۈچە ئاچ قالمىسۇن...

— قايسى موزاينى!؟-خەلچىخان ئىچىدىكى ئاچچىق مەسخىرىنى دەمال قانداق چىقىرىشنى بىلمەي كۈچەپ تىۋۋلاپ كەتتى،- ئېسىڭلىنى جىن ئەپقاچتىمۇ، كاللاڭلىغا جىن تەپتىمۇ؟!كۆزۈڭلىگە بىرەر جىن موزاي بولۇپ كۆرۈنۈۋاتامدۇ يا!

راخمان تۈيۈقسىز ئېسىگە كېلىپ، خەلچىخانغا ناتونۇش بىرىگە قارىغاندەك چەكچىيىپ قارىدى، ئارقىدىن گەردىنىنى قاشلاپ، كەتمەننى دولىسىغا سالغىنىچە شاللىقتا يۈرۈپ كەتتى.

تۇتاش كەتكەن شاللىقتىكى يېشىل مايسىلار سەھەردىكى ئىللىق ياز شامىلىغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتى. سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان ھالقىسىمان دولقۇنلار تەرەپ-تەرەپكە يېيىلاتتى.

راخمان ھەممە شاللىقتا سۈپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ شاللىقىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوقلۇقىغا ھەيران بولۇپ، ئېتىزلىقنى جىددىيلىك ئىچىدە پىقىراپ بىر ئايلىنىۋەتتى. ئادەتتە بىر قېتىم تولدۇرۇپ سۇ قويسا بەش-ئالتە كۈن سىڭمەي تۇرىدىغان ئېتىزلىقتا تېخى ئۈلۈشكۈن قويغان سۇ تۇرمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟ ئاق ئوغۇتنىڭ سۇ سىڭدۈرۈۋېتىدىغان كۈچى بارمۇ يا؟ ھەر قانچە بولسىمۇ ئىزناسى كۆرۈنگىدەك سۇ قالار ئىدى. ھەتتا پۈتنىڭ كەچكەن ئىزىدىمۇ بىر تامچە سۇ يوق! مايسا بۇرۇنقىدەكلا تۇرىدۇ، نەملىكى يوقالماپتۇ، پىچاق بىسىدەك تىككىدە تۇرىدۇ، قارىغاندا ئوغۇرت

بەرىكەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەمدى سۇ ئىچىش كېرەك...

راخمان كۆپ يول مېڭىپ جىق جاپا تارتىپ سۇ باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنى شاللىقا باشلاپ قويۇپ، كۆن بېشىنى قىزدۇرۇپ ئاچلىقتىن ئايالاندۇرۇۋاتقان هالەتتىمۇ، شىلىنىڭ سۇ ئىچىشىنى بىر دەم كۆزىتىپ، سۇ ئىزىغا چىققاندا ئاندىن ئۆيگە قايتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ هېچ ئىش بولمىغاندەك دەۋاتقان گېپىگە بەكلا دىققەت قىلدى، چىرايى بىر نەرسىنى پەم قىلغاندەك تۇرۇلۇپ، راخمان ئېشىنى ئىچىشكە باشلىغاندا شاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى ماڭدى، بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ راخمانغا:

ـــ بۇنى بىرەر كىم قېيىشىپ قىلغان گەپ، بولمىسا شۇنچە لىق سۇ ئېتىزلىقتا تۇرماي نەگە باردۇ؟ـدېدى.

ـــ كىم ئېچىۋالدۇ، تىرگەندەك بىرەر كەتمەن ئىزىمۇ بولمىسا،ـدېدى راخمان خاتىرجەم هالدا.ـ بۇ چوقۇم ئاشۇ ئوغۇتنىڭ كۈچى.

ـــ سىلە كۆرمىدىڭلىمۇ، مولمىناخۇننىڭ بىزنىڭ ئېتىز تەرەپتىكى قىرنىڭ تۆۋەيندە بىر سۇ يالاپ كەتكەن يەر تۇرىدۇ، مېنىڭ گۇمانىم هازىر شۇ خەقتە قالدى،ـدېدى خەلچىخان.

ـــ خەققە قالايمىقان گۇمان ئاتماڭلا،ـدېدى راخمان،ـ ئۇنداق يەر دېگەن بولىدۇ، بەزىدە يامغۇر كۆپ يېغىپ، يا شاللىقتىكى سۇ تېشىپ كېتىپ...

ـــ بولسا هەممە يەردە بولامتى، كۆزى بار ئادەم ئۇ يەردىن سۇ قويۇلغانلىقنى تەكشۈرۈپلا بىلىۋالايدۇ، ئېچىقنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسا...

ـــ ئەمسە ئوغۇتنىڭ كۈچى نەگە كېتىدۇ؟! ـ دېدى راخمان چېچىلىپ،ـ

سىلە خۇدامۇ، ئەۋلىيامۇ، كۆز كۆرمىگەننى بىلەلەيدىغان، قايسى شەيتان سىلىگە خەققە تۆھمەت چاپلا دەپ ئۆگەتتى؟!

ھە ماقۇل غوجام، سىلىگە گەپ قىلمىسام بولىدىغۇ زادى، مولىمناخۇننىڭ سېسىق پولوسىنى يەپ تېخىمۇ زاغۇنباش بوپسىلە....- خەلچىخان ئىچىدىكى تېرىكىشنى غوتۇلداش بىلەن بېسىقتۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## 10

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ھەممە ياق ئوتتەك يېلىنجان كەتتى، زېمىن ۋە ئاسماندىن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھارارەت ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلارنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ، دېمىنى سىقاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھەللىنىڭ ئازادە، خىلۋەت قوينىدا كىملەرنىڭدۇ خامان ھەيدەۋېتىپ ئاپتاپ چىللاپ لاي-لاي توۋلىشى، تراكتورلارنىڭ پاتىلدىشى، شامالنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ دەرەخ ياپراقلىرىنى شىۋىرلىتىپ، قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىشى، ئورمىچىلارنىڭ ئېتىزلىقتىكى قىزغىن پاراڭلىرى ۋە بۇغدايلارنىڭ شارتىلدىتىپ ئورۇلغان، يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۆنچە بېسىلغان ھارۋىنى ئوي-دۆڭ، ئەگرى-بۈگرى يوللاردا ئاۋايلاپ ھەيدىشى، ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر كاتاڭغا تىقىلىپ قالغان ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ، قوپمىغان ئېشەكلىرىنى ياكى كالىلىرىنى زىقلىشى، كىملەرنىڭدۇ دەرەخ سايىسىگە كىرىۋېلىپ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشى، بالىلارنىڭ ئىسسىققا پايلىماي ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىپ، گۈلدۈر-شالاپ قىلىپ سۇ ئۈزۈشى ياكى قىرغاققا چىقىپ توپىدا ئېشەكتەك ئېغناپ يېتىشلىرى،

قايسىبىر ئايالنىڭ سۆگەتلىكتە تالدىن سەگەنچۈك ياساپ بوۋىقىنىڭ يۈزىدىكى چىۋىنىنى قورۇپ پەس ئاۋازدا ئەللەي ئوقۇپ ئۇنى تەۋرىتىشى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى ھەممە جان بۇنداق ۋاقىتتا ئەڭ قاتتىق جاپا بىلەن ئېلىشاتتى، شۇنداقلا ئەڭ لەززىز راھەتلەرنىمۇ كۆرەتتى.

راخمان بەش مو يېرىدىكى بۇغدىينى ئورۇپ، خامانغا تاشلاپ يۇمشىتىۋاتقىلى مانا ئىككى كۈندەك بولدى، ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر غۇنچىنىنى يېتىلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ تولۇققا قېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن كالا ئىزدەيدۇ. ئىزدەپ تاپقان كالىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭ ئۈچۈن راخماننى بىرەر يېرىم كۈن ئۆزىگە خۇددى مۇشۇ كالىدەك لاپقۇتلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. راخمان ئادىتى بويىچە ماقۇل دەپ ھېجىيىپ قولىنى قوشتۇرۇپ بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، كالىنى يېتىلەپ تولۇققا قېتىپ خامانغا گۈلدۈرلىتىپ ھەيدەپ كېلىدۇ؛ كالىنىڭ ئېغىزىنىڭ تال بىلەن مەھكەم بوغۇپ، ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ ئۆنچىلەرنى ئۆرۈپ-چۆرگەچ خامان ھەيدەيدۇ، بىر دەمدىن كېيىن خەلچىخان بىر كورا سويۇققئاش كۆتۈرۈپ قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ پايپاسلاپ يېتىپ كېلىدۇ. تاياقنى قولىغا ئۆزى ئېلىپ كۈننىڭ باشنى قايدۇرۇشىغا، تولۇقنىڭ ئارقىسىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئاچچىق چاڭ-توزانلارغا پەرۋا قىلماي خامان ھەيدەيدۇ، گاھىدا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاندا-ساندا لاي-لاي ئېيتىدۇ، تولۇق ئاستا غىچىرلايدۇ، ئۆنچە پاراسلايدۇ. مانا شۇ ھالەتتە ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دانلار باشاقتىن چۇشۇپ بولغان بولسىمۇ ئۆنچە يۇمشاپ سامان بولۇشتىن خېلى يىراق ئىدى.

غۇنچىنىنى راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر بىزمۇ خامان تېپىمىز دېيىشىپ

ئېلىپ كەتتى. راخمان باشقا ئۆيدىن كالا ئىزدىسە ئۇنىڭ ھەققىنى يەنە تۆلىمىسە بولمايدۇ. تراكتوردا تەپسە سائىتىگە ئون كوي، ئۇنى خامانغا كەلتۇراش ئۈچۈن يەنىلا خەققە يالۋۇرمىسا، پۇلنى نەق سانىمىسا ياكى ئىشلەپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخماننىڭ بۇغدىيى باشقا بۇغدايلارغا ئوخشىمايدۇ، غولى توم، بېشى كىچىك، قىلتىرىقى ئۇزۇن، تەپسە پات يۇمشىمايدىغان سورتى ناچار بۇغداي، تراكتوردا بىر ئىككى سائەت سالدۇرغان بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاپ كېتىشىمۇ بىر گەپ، ئاپتاپ چىقىپ بەرمىسە تېخى بولمايدۇ...

راخماننىڭ بېشى قاتتى. ئارىنىڭ ئىلكىنى ئوڭلاۋېتىپ، ئۇنچە ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان كالا پوقىنى ئادالاش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان خەلچىخانغا ئۆزىچە تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاھاي، بولدى قىلىڭلا كەچكىچە تىيەسلىمەي، ئىت پوقى ئەمەس ئۇ، خوتۇن خەق دېگەننىزە، ما خامانىنى قانداق يۇمشىتىمىز، ما گەپنى قىلىڭلا ئالدى بىلەن...

— قانداق قىلاتتۇق،-دېدى خەلچىخان بېشىنى كۆتۈرۈپ،- بويۇنتۇرۇقنىڭ ئا بېشىدىن مەن، ما بېشىدىن سىلە كىرىپ تولۇقنى تارتىلى، ئامىنخان قولىغا تاياقنى ئېلىپ بىزنى ھەيدىسۇن شۇ، بۇنىدىن باشقا نېمە چارە!

— بۇ جان ھايۋاننىڭ جېنى ئەمەس خەلچىخان، خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

— دەپ قويسا تېخى، كاللاڭلا قېپىپتۇ جۇمۇ سىلىنىڭ!

— جان كۈچ كەلگەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئاتاڭلا زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار بوپتىكەن، باينىڭ قىزىمەن دەپ سايىگە كىرىۋېلىپ،

چوشقىدەك ئۇخلاپ، ماڭا ئەسقاتمىساڭلار بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلا پايخىنىڭلىنى چىقىۋېتىپ كۆتەر كەشىڭنى دەيمەن...

ــ ئوهوش، كاللىسىدا يەنە ئۇماچ قاينىغىلى تۇردى ما سەت بىر نېمىنىڭ، كىم ساڭا مەن باينىڭ قىزىمەن دەپ بېقىپتۇ، زامان ئۆزگەرمىگەن بولسا، ساڭا تەگكىچە ئۆلۈۋالاتتىم، خۇدانىڭ تەقدىرىنى بىر كۆرمەكلىك بار، كۆرىمىز تېخى جاهان نەدىن نەگىچە، ئالدىراپ كەتمە، ئۇنچە ئالدىراپ كەتمە سەن! موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە...

ئاچچىقلىنىپ سۆزلەۋاتقان خەلچىخاننىڭ تۇرۇپلا كۆڭلى بۇزۇلدى، بوغۇزى قىسىلىپ، كارنىيغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

شۇ ئارىدا هاۋا ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلۇپ، پارقىراپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا خىرەلىشىپ كەتتى. قاپقارا بۇلۇتلار شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ سۈزۈك ئاسماننى قاپلات كەتتى. هاۋانىڭ قورسىقى ئاغرىپ غولدۇرلاشقا، ئارقىدىن تامچىلاپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ئەندىكىپ كەتكەن راخمان خەلچىخاننىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئېگىشتى، هەر ئىككىسى بايىقى رەنجىشنى بىر دەمدە ئۇنتۇپ چەمبەر شەكىللىك ئاياقنى ئايلىنىپ ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. راخمان چېچىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان بۇغداي دانلىرىنى پاخال ئارىسىغا جان-جەهلى بىلەن تۇرتەتتى، ئىتتىرەتتى؛ خەلچىخانمۇ قاراپ تۇرماي يالىڭاچ پۇتى بىلەن ئالىقانچىلىك يەردىكى تىغ بۇغدايلارنىمۇ سىيرىپ پاخالغا قوشاتتى...

يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. راخمان سۈپۈرگىنى تاشلاپ ئۇھ تارتىپ بېلىنى رۇسلىدى. ئۆزگە يەنىلا كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان

خەلچىخاننى ۋە ئاسمانغا قاراپ يامغۇرغا يۈزىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، ئىللىق ئۆيىنى سېغىندى.

**11**

يامغۇردىن كېيىن قۇياش يەنە پارقىراپ چىقتى. يۇيۇلغان يوپيۇرماقلار ئوت-چۆپلەر مەرۋايىتتەك تامچىلارغا تولۇپ، ئەتراپقا شولا چاچتى. ئۆرۈكلەرنىڭ مايلىق غازاڭلىرى كۆك پىتلاردىن ئادا بولۇپ بۆلەكچە يالتىراپ كەتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ چۆپ-چۆپ بولۇپ كەتكەن ئاق ماتا يەكتىكىنى قۇرۇتۇپ ئۈنىڭغا تاشلاپ بەردى. قىزى بىلەن ئوچاقنىڭ يېنىدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان راخمان ئىسسىق كۆڭلەكنى كىيىپ ئاجايىپ راھەتلەندى.

ــ قويۇڭلا ئەمدى ئوچاق ئالدىنى ماڭا قويۇپ،-دېدى خەلچىخان قىزىنى ئۈنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ،-خامانغا بېرىپ بېقىڭلا، سۇپۇرگىنى بىرەرى كۆتۈرۈپ ماڭمىسۇن يەنە.

ــ ئاھاي قويۇڭلا،-راخمان چاترىقىغا بېشىنى ساڭگىلاتتى،- خامانىمۇ ئەمدى ھەيدەپ بولدۇق، سامان قىلمىز دەپ يۈرگۈچە مۆڭگەن قىلساقمۇ بوپتىكەن. ھەلەپ يەيدىغان موزاي ئۆلدى، ئەمدى ساماننىڭ نېمە ئىشى، خامان قۇرۇماي تۇرۇپ سۇپۇرگىنىڭ نېمە ئىشى.

ــ مەن سىلىگە قاراپ بېقىڭلا دېدىم، قارىمىساڭلا ئولتۇرۇڭلا ئەمىسە!

ــ باشقا خەقنىڭ ھەر ئېسىل سۇپۇرگىلىرى تۇرسا بىزنىڭ ئۇ كۆتمەك

سۇپۇرگىگە كىم كۆز قىرىنى سالىدۇ، قويۇڭلا...

— ئۇتىنىڭ قوڭىدىن قوپماي يوق گەپنى قىلىۋېرىدىكەن، ئېشەك قۇلاق ئادەمگىنى گەپ ئۆتمەيدۇ زادى...

— ئاپتاپ سەل بىر چىقسۇن، پاخال قۇرۇغاندا سىلكىپ ئېلىۋەتسەم ئىش تۈگەيدۇ. تېگىدە قالغان تىغ بۇغدايىنى بىر- ئىككى كۈن قۇرۇتمىساق بۆلە قىلىپ سورۇغىلى بولمايدۇ. مەندىن سوراڭلا ئىشنىڭ يولىنى، سىلە ئاشۇ سۇپۇرگىدىن، تاختا-نوغۇچتىن باشقىنى ئۇقمايسىلە، كوتۇلداشىنىلا بىلىسىلە، ئېشەك قۇلاقمىكەن، يا تەخەي قۇلاقمىكەن كۆرستىپ قويىمەن ھېلى...

— ئوھوش ئاغزىمغا چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى دەپ بىسمىللا دېمەي يەنە ئۆڭگىلى قوپتى ما نېمە، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا چىدىماي مۇشت كۆتۈرسىلە ھېلى، بىلمەيدىغان راخمىناخۇن ئەمەس سىلە...

— جىدىلىڭلا مەن بىلەنىلا قالدىغۇ، بارسام بېرىپ كېلەي، بىر دەم ما قىزىم بىلەن ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرارمەن دېسەم...

كېلىپ ئىسسىنىڭلا، ئاڭغىچە ئاشمۇ پىشىپ قالىدۇ.

راخمان ئارىنى ئېلىپ ھويلىسىدىكى يازلىق ئالمىدىن بىر نەچچە تال چۈشۈرۈپ قىزىغا ھەم خەلچىخانغا بىر نەچچە تال بېرىپ قالغىنىنى يانچۇقىغا تىقىپ يېگەچ خامانغا يول ئالدى.

ئىشكىنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان بىر نەچچە كىشى ئالدىغا سەل دۈمچىيىپ، ئالمىنى ھوزۇر قىلىپ چايناپ، ئارىنى قولتۇقلاپ سوكۇلداپ كېتىۋاتقان راخماننى كۆرۈپ:“ راخمانجان، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ قاپسىلىغۇ” دەپ ئاغزىنى چاكىلداتتى. راخمان كەم ئاڭلايدىغان بۇ يېقىملىق چاقىرىشتىن كۆڭلى ۋىلىلدە يورۇپ، ئۇلار بىلەن خۇش خۇي سالاملاشتى. يانچۇقىدىكى

تاتلىق ئالمىلاردىن چىقىرىپ ئۇلارغا سۇندى. ئۇلار راخمان كەتكەندە ئۇنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىپ، مازاقلىشىپ كۆڭلىدە ئۆز ھالىدىن خۇرسەن بولۇشۇپ قالدى.

راخمان ئىچى ئازادە ھالدا ئالمىنىڭ تاتلىقى قالغان لېۋىنى يالاپ، شۆلگىيىنى يۇتۇپ خامانغا يېتىپ كەلدى. نەملىشىپ كەتكەن پاخالنى قولىغا ئېلىپ ئىچى سىقىلدى. بۇغداي بۇ ئىسسىقتا نەم پاخالنىڭ ئاستىدا تۇرىۋەرسە سۇپىتى ئۆزگىرىپ ساڭغا ئۆتكۈزگىلى بولماي قالىدۇ، دەپ ئويلىدى؛ كاللىسىنى يەنە بىر-بىرىدىن ئەندىشىلىك ئوي-خىياللار چۇلغىۋالدى. ئورنىدىن چاپسان تۇرۇپ ئاياقنى بىر چۆرگىلەپ ئايلىنىۋەتتى. ئويلىنا-ئويلىنا ئاخىر خامانىنى قۇرۇتۇپ تېپىمەن دەپ بۇغدايدىن زىيان تارتقۇچە مۆڭگەن قىلىپلا پاخالنى ئارىداپ ئۇنى تىغ بۇغدايدىن ئايرىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇغداينى تاغارغا ساق-سالامەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن پاخالنى قۇرۇتۇپ ئايرىم يۇمشىتىۋالسىمۇ، شۇ پېتى ئۇلاغقا بەرسىمۇ ياكى ساتسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

راخمان شۇ ئوي بىلەن كۈچكە تولۇپ پاخالنى ئارىداشقا چۈشتى. پاخالنى ئاز-ئازدىن ئېلىپ ياكى بىر تال بۇغداي ئۇنىڭ ئارىسىدا قالمىغۇچە كەينى-كەينىدىن سىلكىدى، ھۆل بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پاخالنى داندىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئالدىرىماي ئارا چوقۇپ، كۈچەپ سىلكىپ دەم ئالماي ئىشلىدى، يامغۇردا قالغاندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. قارا تەرلەر پېشانىسىدىن ئېڭەڭلىرىدىكى قىزغۇچ ساقىلىغا، سويۇق قېشىنىڭ ئاستىدىكى ئورا كۆزىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

ناماز شامغا يېقىن ئۇ پاخالنى ئىلىكدەپ بولۇپ دۆۋىلەنگەن پاخالغا دەرماندىن كېتىپ يىقىلدى. بىر دەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ كەچكى

قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يالتىراپ، شامالداپ تۇرغان سامان ئارىلاش بۇغدايلارغا قاراپ كۆڭلى تىندى. بىر يىللىق ئەجىرىم ھەر ھالدا بىكارغا كەتمەپتۇ، بەش مو يەردىن ئەللىك چارەك بۇغداي ئېلىشىمدا گەپ يوق دەپ ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن سۆيۈندى. ئورنىدىن تۇرۇپ بۇغدايلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، مول-ھوسۇل، باج، ئوزۇق-تۈلۈك، تەئەللۇقات توغرىسىدا ھەر خىل خىياللارنى قىلغاچ ئۆيىگە ماڭدى.

خەلچىخان ئۇنىڭغا ئاش ئۇسۇپ ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاش ئىچىۋېتىپ قىزىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ خەلچىخاندىن سورىدى.

— ئېشىنى ئىچىپ بولۇپلا ئوينايمەن دەپ پالاقشىپ كېتىپ باراتتى،- دېدى خەلچىخان ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە،- ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

— كۈنمۇ ئولتۇرۇپ بولدى، شۇ ۋاققىچە بالا بىلەن كارىڭلا يوق يۈرەمسىلە؟!

— ۋاي مەنمۇ تېخى قاچا يۇيۇپ ئەمدى بىكار بولدۇم، موزاي بولمىسا ئۇ باغلاپ قويسا تۇرىدىغان.

— موزاينىڭ گېپىنى قىلماڭلا خۇدالىق ئۈچۈن، بالا قېنى دەيمەن زادى!

— ۋاي مەشەدە بار، بولماي نەگە بارىدۇ، دېۋەيلىمەي تۇرۇڭلا ئادەمگە، ئىزدەپ باقاي...

خەلچىخان راخماننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قازاننى تاشلاپ قولىنى يۇمايلا تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. راخمانمۇ ئېشىنى قويۇپ خەلچىخاننىڭ ئارقىسىدىن قىزىنى ئىزدەپ ماڭدى.

— خەلچىخان“ ئامىنەم، ئامىنەم! ” دەپ جېنىنىڭ بارىچە تۋۋلاپ راخماننىڭ يۈرىكىنى پۈلاڭلىتىۋەتتى. راخمان ئۆپچۆرىسىگە سىنچىلاپ قاراپ،

ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى ۋە تېمىنىڭ قېشىدىكى ئوبدان كۆكلىگەن كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە تۈپ مايسىنىڭ باشاقچىلا تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىققىتى شۇ ياققا ئاغدى، ئالدىراپ باردى ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشەنگۈسىز بىر ھالەتتىن داڭقېتىپ قالدى، بېشى پىرقىراپ ئايلانغاندەك بولدى، ئېڭىشىپ قايتا قارىدى، كۆرگىنى يەنىلا بايىقىدەك مەنزىرە: قىزى يەردە ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، ئۈستىگە روزى چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاپتاپتەك يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، ئىنتايىن پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭگۇرلايتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى بىر قىسمىلا بولۇپ يالتىراپ كەتكەنىدى. راخمان غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي روزىنىڭ گەجگىسىدىن ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك يۇلۇپ ئالدى. روزى قاتتىق چۆچۈپ ئاپئاق ئاقاردى، ئاندىن يۈزى كۆكىرىپ تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى:

— ھۇ پوقتىن بەنا بولغان ئىتنىڭ كۈچۈكى، قىزىمغا نېمىشقا چېقىلىسەن؟! ئۇنى نېمىشقا بوزەك قىلىسەن؟!-راخمان ئۇنى سىلكىشلەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، روزى بىر ھازا يىغلاپ ئاندىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— ئا...ئاكام مېنى قىل دېسە،-دېدى ۋە يەنە بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ كەتتى.

— ئاكاڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئا...كام ئى بايا با...تى، تاۋۇز يەپ ماڭا بە..مەي ئۆزى يېدى.

— ئاكاڭ ئامىنەمنى نېمە قىلدى؟!

روزى دەرھال يىغىدىن توختاپ پەسكە قاراپ ئۈمچەيدى. راخمان ئۇنىڭ قۇلىقىدىن سوزۇپ دېيىشكە قىستىدى. روزى ئاغرىققا چىدىماي يەنە يىغلاپ

كەتتى. راخمان ئۈنى يىغىدىن توختىتىشقا كۆزى يەتمەي جىلە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. روزى ئۈنىڭ بىخەستە تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ چاشقاندەك غىرتلا قىلىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە جېنىنىڭ بارىچە"ئاتوي، ئاپوي" دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆيگە چاپتى. راخمان سەل چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ غەزەپ ئاخىر كۈچلۈك كەلدى، قولىغا يوغان بىر چالمىنى ئېلىپ ئۈنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى ۋە تۇتۇۋۇق بەرمەي قېچىۋاتقان روزىنىڭ دۈمبىسىنى چەنلەپ ئەتتى. چالما ئۇتتۇر بىرىپ ئۈنىڭ بېشىغا تېگىپ ئۇشتۇلۇپ كەتتى. روزى جارقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

**12**

— يىغاڭنى پەس قىل مۇناپىق، ئېيتە، سېنى كىم ئۇردى؟- روزى دادىسىنىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ئوبدان ساقام، دادىڭىز كومپىۇت ئېلىپ بەرسۇن، دەڭە سىزنى كىم ئۇردى؟- ئالتۇنخان ئۇنىڭ يۈزىدىن تامچىلاپ چۈشىۋاتقان ياشىنى ئېرتىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— روزى ئۈنىنى پەسلىتىپ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، راخماننىڭ ئۇرغانلىقىنى دەپ بەردى.

— نەرىڭگە ئۇردى بالام؟-مولىمىناخۇنمۇ ئالتۇنخاننى دوراپ ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتى.

— روزى دوقىسىنى كۆرسەتتى. ئالتۇنخان ئۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىپلا چوغنى تۇتقاندەك ۋارقىراپ كەتتى:

— تۇخۇمدەكلا ئىششىپ چىقىپتۇغۇ؟ قاراڭلا ما دەلتىنىڭ قىلغان ئىشىنى!

مولىمىناخۇن قايتىلاپ سورىدى:

— بېشىڭغا نېمە بىلەن ئۇردى؟

— چاما بىلەن.

مولىمىناخۇن ئىششىپ چىققان يەرنى بېگىز بارمىقى بىلەن بېسىپ كۆرۈۋېدى، روزى يەرنى تېپىچەكلەپ يىغلاپ كەتتى.

— ساراڭ بولىدۇڭلىمۇ؟!-ئالتۇنخان ئۇنىڭ قولىنى تارتقۇشلىدى،- دەلدۈڭنى دوراپ سىلىمۇ دەلدۈڭ بولاي دەمسىلە! ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ دەپ ئۆتكەندە سىلە راخمانىنى ئەمەس، ئادەم كۆرۈپ رەھىم قىلغانىنى بىلمەيدىغان بىر ساراڭقېتىش ھايۋانىنى باشلاپ كەپتىكەنسىلە ئۆيگە، ئىتمۇ ئاش بەرگەن ئىگىسىنى تونۇيدۇ، بىزنىڭ قانجۇقمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق. ھەقچان خەلچەكمۇ بولۇشۇپ بەرگەندۇ، ئىككى ساراڭ بىر بولسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، مەن بېرىپ ئۆتكۈدەك بىر گەپ قىلىپ قويۇپ كېلەي، مۇشۇ ساراڭلارغىمۇ بوزەك بولۇپ ئۆتمىزمۇ بۇ جاھاندىن، ماڭە روزى!-ئالتۇنخان روزىنى يېتىلەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭلا!- مولىماخۇن ئورنىدىن قوپتى،- نېمىشقا ئۇردى، ئۇقمايلا ماڭىۋېرەمسىلە، قۇرۇق گەپ ئاقمايدۇ، خەلچىخان بىر سۆزلىگىلى تۇرسا ئۇنىڭ زۇۋانى قاتار تامغىچە بارىدۇ؛ ئۇ ساراڭ خوتۇنغا بولۇشۇپ سىلىمۇ سۆزلىگىلى تۇرساڭلا، ھالىمادىس بوغۇشۇپ قالساڭلا، ئۇ يەرگە يەنە مەن بامسام بولمايدۇ، مەن بارغاندىن كېيىن راخمان قوپىدۇ. ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى، ساراڭنىڭ تەلۋىلىكى بارلىقىنى ئۇقمامسىلە؟! ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە ئاش يېگەن بىلەن ئاچچىقى كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، كۆزىگە ھېچ نېمە كۆرۈنمەيدۇ.

كـۆزىنى قـىزارتــىپ، قوڭـىنــىڭ تېرىســىنى يـۈزىگە چـاپلاپلا كەتــمەن كۆتـۈرۈپ كەلسە، هاي دەلدۈڭ، توختا دەپ بولغۇچە پوككىدە بــىر ئــىش چىقــىپ قالسا ، كىچىككــىنە ئىشــنى دەپ چـوڭ بـالا-قازاغـا ئـۇچرايمىز، مـا گېپىمنـى ئـاڭلاڭلا، ساراڭغا بـىز تەڭ بولمايلى، كاللىنى يۇگۇرتـۈپ، پەم ئـىزدەپ، پۇرسـەت تېپــىپ خەققە تۇيدۇرمايلا يىقىتىدىغاننىڭ ئېپىنى قىلىلى...

ئالتۇنخان كەينىگە ياندى. مولىمىناخۇننىڭ كۆزىدىن بىر خىل ئىشەنچ نۇرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيۇپ، نېمە قىلساڭلا قىلىڭلا ئەمىسە دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

— ئالتۇنخان،- مولىمىناخۇن بىر قاراغا كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنىغا كەسكىن بۇيرۇدى،-ئاۋۇ تۇراقنا دەڭلا، هارۋىنى قاتسۇن.

ئالتۇنخان ئاۋازىنى سوزۇپ“ تۇراقجان، تۇراقجان” دەپ بىر نەچچە قېتىم توۋلىدى. ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ خوراز بىلەن مىكيانىنى بىر كاتەككە سولاپ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان تۇراق خۇيى تۇتۇپ، ئاپىسىنى ئىچىدە بىر مۇنچە تىللاپ ئۆگزىدىن چۈشتى. ئالتۇنخان ئۇنى كۆرمەي توۋلاۋەردى.

— ۋۇي نېمە؟!- تۇراق شوتىدىن چۈشكەچ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ۋارقىرىدى.

— مېڭىڭ، ئا ئاتىڭىز هارۋا قاتسۇن دەيدۇ، ئادەمگە گۆلەيمەي بېرىپ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىڭ!

— نېمە قىلىدىكەنمىز؟

— ئاتىڭىزدىن سوراڭ.

تۇراق ئېرىنچەكلىك بىلەن هارۋىنى قېتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— ئاپاڭ دېگەندىكىن ماقۇل دەپ چاپسانراق بولساڭ بولمامدۇ؟ چىقە

چارۋىغا، كۆن كەچ بولۇپ كەتتى، ھارۋىنى تېز ھەيدە!

— نەگە؟

— سايلىققا.

تۇراق ھەيران بولۇپ ئاتىسىغا قارىدى. مولىمىناخۇن سىرلىق كۈلۈپ:"بارغاندىن كېيىن بىلىسەن" دەپ قويدى.

ئۇلار زاۋال چۈشۈپ قاراڭغۇلۇق ئاستا-ئاستا يېيىلىشقا باشلىغاندا كالىنى يورغىلىتىپ ھەم يۈگۈرتۈپ، دەل-دەرەخ، زىرائەتلەر بىلەن قاپلانغان كوچىۋم مەھەللىلەردىن ۋە قۇم-بورانىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىنىلەنگەن كەڭرى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ سايلىققا چىقتى.

ھارۋىنى توختىتىپ گۈرجەكنى ئېلىپ كەل،-دېدى مولىمىناخۇن يەرگە ئېڭىشىپ- ماڭا قارا مانا، تۇخۇمدەك، ئۆرۈكتەك، جىگدىدەك مۇنداق تاشلارنى ئىلغىۋېتىپ، گۈرۈچتەك، بۇغدايدەك مۇنداق تاشلارنى ئۇسىمىز، كۆردۈڭمۇ؟ يا بولمىسا چېپىننىڭ ئېغىزىنى سەن ئاچ مەن ئۇساي، جاھاندارچىلىق دېگەن قانداق بولىدۇ، ئاستا-ئاستا بىلىپ قالىسەن، بۈگۈن مەن ئۇسسام ئەتە چوقۇم سەن ئۇسىسەن!-مولىمىناخۇن سۆزلىگەچ خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ئاشۇنداق ئۇششاق، ئېزىك تاشلاردىن يېرىم چېپىنا توشقۇزدى، ئۇنى ھارۋىغا تەستە بېسىپ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋالدى، شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىنى يەلپۈگەچ يولدا كەلگۈچە بىر گەپنى ئەزۋەيلەپ ماڭدى:

— خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى ۋاجىپ، ئاللانىڭ ئىرادىسى ھەممىگە قادىر. قارا بالام، ئاسماندىكى ئايمۇ بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنىڭ ئۇيلىغاندىكىدەك بولۇشىنى تىلەپ تۇرۇپتۇ. تەڭشەلمىگەن جاھاندا خۇدا راخمانغا ئوخشاش بەندىلەرگە قارا كۆچنى بېرىپ ئەقىل بەرمىگەن، شۇڭا ئۇڭ قانچە كەتمەن

چىپپىپ تەر تۆككىنى بىلەن يەنىلا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يېرىم نېنى پۈتۈن، بىر مېلى ئىككى بولمايدۇ. مانا بىز ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز، راخماندەك ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ، ئېشەكتەك ھارام كۈچى بار تەلۋىلەرنى كەتمەن كۆتۈرۈپ ئەمەس، مانا مۇشۇنداق پەم ئىشلىتىپ باپلايمىز، تۈيمايلا قالىدۇ! سەن تولا ھاڭۋاقتىلىق قىلما، كاللاڭنى ئىشلەت، ھەر ئامال بىلەن خەققە ئۆزىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويمايمىز، مۇشۇنداق قىلماي تۇرۇپ بۇ جاننى جان ئەتكىلى بولمايدۇ...

تۇراق ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقارنى دەپ گەپ-سۆز قىلماي ھارۋا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار ئاخىر راخماننىڭ شامال بەك تېگىدۇ دەپ ئۇپچە خاماندىن ئايرىم ئېتىۋالغان خامانلىقىغا يېتىپ كەلدى. مولىمناخۇن ئەتراپنى ئوغرىدەك دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئىنسۇجىن كۆرۈنمىگەنىدىكىن كېيىن كاللىسىنى قاپلاپ تۇرغان ئەندىشە تۇمانلىرى بىر ئاز تارقاپ شادلىقى كۆچىيىپ كەتتى:“مانا، مانا راخمانباي، ۋاي سولتەك سارالڭ، ئۇۋىسىدىن چىقالمايدىغان ئۆلۈمتۈك چاشقان، پاخاللىرىڭنى تېخى تىغ بۇغدايدىن ئايرىپ تەييار قىلىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ! بۇغدايلار مانا مەن چىقىپ قاپتۇ، قاراپ باقايچۇ، ئوھوي، خېلى سېمىز بۇغداي ئىكەندۇق، بىر ئاز نەم تۇرامدۇ نېمە؟ كارايىتى چاغلىق، ئېلىۋالاي دېسەم تاغىرىم يوق، بىراق مېنى ئوغرى دەپ ئويلاپ قالما خالايىق، دىندار ئادەممەن، راخمانغا رەھىم قىلىۋاتىمەن. ھىم، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خۇدانىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغىنى قىزىق! قانداق، راخمىناخۇن، بالامنى چالما بىلەن ئۇرغان چېغىڭلىدا مېنى مۇشۇنداق قىلا دەپ ئويلىغانمىدىڭلا، بىلىپ قويۇڭلا، مەن بوش ئادەم ئەمەس، مولىمىن دېسە مۇشۇكۇممۇ ئەيمىنىپ قارايدۇ، شۇغىنىسى، راخمان سەن ئالدىمدا

بۇغدىيىڭغا چاڭگال سالغۇدەك ئېغىر ئىش قىلمىدىڭ، بىر قېتىم كەتمەن كۆتۈرۈپ قويدۇڭ راست، بىرنى سالغان بولساڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئىدى تېخى، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ قالدىڭمۇ قانداق، جىم تۇرۇپ قالدىڭ، ئاندىن قىزىڭغا دەپ سېنى چاقىرىپ چىرايلىق چاي قۇيۇپ ئاش بەرسەم، كىچىككىنە بالامنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بىزگە ھەيۋە قىلدىڭ، ئەگەر بۇ قېتىم جىم تۇرۇپ بەرسەك ئەتىگىچە بىزنىمۇ ئۇرۇپ بېشىمىزنى يېرىۋېتىدىغان ئوخشايسەن، شۇڭا ھوشۇڭنى تاپ دەپ ساڭا غايىپتىن جازا بېرىۋاتىمەن... بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى! بۇغداينى ئادالىغىچە بىر ئاز جاپا چېكىپ قالسەن شۇ، بالامنى ئۇرغان قولۇڭ ئارا دەستىسىنى تۇتۇپ قىينالسۇن، خوتۇنۇڭ ئۆتكەمنى تۇتۇپ قىينالسۇن، كىم قىلغاندۇ، خۇدانىڭ ئاپىتىدىمىدۇ دەپ ھەيران قېلىشقان رەپتارىڭنى بىر كۆرسەم ئىدى... بىراق ھەي راخمان، مۇشۇنداق قىلغىنىمغا ھېلىمۇ شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ...شۈكرى دە ساراڭ، شۈكرى دېمەي ئىلاجىڭ يوق! بېشىدىن تۇخۇم ئۈنگەن روزى قارى، باياتىن يىغلاپ كېتىۋېدىڭ، ئەمدى ئاشۇ يىغاڭنىڭ ئەنتىنى ئېلىۋاتىمەن، ئاپاڭ سېنى يېتىلەپ ئۇرۇشقىلى بارغان بولسا چوڭ چاتاق چىقاتتى. كاللىسى ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ-دە خوتۇن خەق دېگەننىڭ، مانا مەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئەنتىڭنى ئېلىۋاتىمەن بالام، خوش بولامسەن، مانا قارا"...

مولىمناخۇن شۇ خىيال بىلەن كۆرەڭلەپ ھەم جىددىيلىشىپ، تۇراقنى ئەتراپقا كۆزەتچى قىلىپ، چىپتىنى پەۋقۇلئاددە غەيرەت بىلەن كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە ئېغىزىنى يېشىپ بۇغداينىڭ ئۈستىگە يېيىتىپ چاچتى، دۆۋىلىشىپ قالغان تاشلارنى پۈتى بىلەن ئىتتىرىپ ھەممىنى دانغا قوشۇۋەتتى.

— ئاتوي بولۇڭ، بولۇڭ پاشا چېقىپ كەتتى!...-تۇراق ئەنسىز ئاۋازدا

ۋايساپ كەتتى.

ــ ۋارقىرىما مۇناپىق، پاشا چاققانغا ئۆلمەيسەن، مانا ئاز قالدى...

مولىمىناخۇن تاشنىڭ ھەممىسنى يىراقتىن قارىسا بىلىنمىگۇدەك قىلىپ بۇغىدايغا ئىلەشتۈرۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ چىقىپ كالىنىڭ سۆڭگۈچىگە قاتتىق تەپتى. كالا تۇيۇقسىز تەگكەن زەربىدىن چۆچۈپ ھارۋىنى سۆرەپ بار كۈچى بىلەن ئۆيگە چاپتى. تۇراق ئېغىرلىقنى يوقىتىپ ھارۋا ئۈستىگە ئوڭدا چۈشتى.

ــ ئەمدى كۆرگەنسەن،-دېدى مولىمىناخۇن پىخىلداپ كۈلۈپ.

ــ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىمىز؟-دېدى تۇراق چۈشەنمەي،- شۇنچە جاپا تارتىپ، ئىلغاپ كەلگەن تاشنى راخماننىڭ بۇغدىيىغا قوشۇۋەتتىڭغۇ؟!

ــ راخمان ئۇكاڭنى ئۇرسا، بىزنىڭ يا ئۇ تەلۋىگە كۈچىمىز يەتمىسە، مۇشۇنداق قىلماي قانداق قىلىسەن، ھۇ دۆت، كالۋا، بايا مەن كالىغا سۆزلەپتىكەنمەن-دە! تېخىچە بىلمەي يۈرۈيدا ما خام قاپاق بەز! ئالە تاياقنى، ھارۋىنى تېز ھەيدە!

تۇراق ئاتىسىنىڭ قەھرىدىن ئەمەس، بەلكى راخماننىڭ ئۇكىسىنى ئۇرغانلىقىدىن سەل چۆچىدى، كاللىسىغا بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار كەلدى.



مەھەللە باشلىقى قاتارلىق بىر نەچچەيلەن يېزىغا يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئۈچۈن دېھقانلاردىن ھەر مو يەرگە ئون

يۈەندىن ھېسابلاپ پۇل يىغماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تالاي قېتىم مەجلىس ئېچىپ، بۇنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ چوقۇم جىن چىراغتىن قۇتۇلۇپ، توك چىراغقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى.

دېھقانلار بۇغدايلىرىنى يىغىپ ساتقىغا ئۆتكۈزۈپ پۇلنى تېخى قولىغا ئالماستىنلا يەر بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق تۈرلۈك باجلارنىڭ بىر-بىرلەپ قىرقىشى، بانكىدىن ئالغان يالتىراق، ئوغۇت قەرزىنىڭ بوغۇشى بىلەن، ئۈمىدىنى قوناق، زىغىر، شال، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەردىن كېلىدىغان دارامەتكە باغلاپ تۇرغان ئەھۋالدا، مەجبۇرىي تېڭىلغان بۇ يۈكتىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي غەمگە پاتتى.

مەھەللە باشلىقى بوشاپ كېتىۋاتقان ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسىتىدە ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ ئۆز ھوقۇقىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىشقا سالدى. ھال-ئوقىتى ياخشىلار نەق پۇل بەردى. نەق پۇل بېرەلمىگەنلەر ئۇزۇقلۇق ھەم ئۇزۇقلۇققا قالدۇرۇپ قويۇلغان بۇغدايلىرىنى مو بېشىغا چارىكىنى ئون يۈەندىن ھېسابلاپ بەردى. مەھەللىدىن بىر قانچە كىشى بۇ بۇغدايلارنى ئەركىن بازاردا سېتىشقا مەسئۇل بولدى. مەھەللىدە بىر مەيدان پاتپاراقچىلىق، غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ-تۆت ئادەم تۇپلىشىپ قالغان سورۇندا دائىم مۇشۇ گەپ بولاتتى.

مەھەللە باشلىقى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە بىر قانچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ، قاتاردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن يالغۇز تاملارغا قەدەم باستى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تەئەللۇقات تولۇپ ياتاتتى، ئەمما ئۆي ئىگىسى بولغان مولىمىناخۇن تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يىگىرمە مو يەرگە

گىجىڭلىق قىلىپ بىر يەرنى قايرىۋېلىپ يۇز يەن، قالغىنىغا ئون چارەك بۇغداي بېرىپ قۇتۇلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قارنى بىر هازا ئېچىشىپ، ئىچى تىتىلداپ، ئالتۇنخان بىلەن بىر پەس كوتۇلداپ، ئارقىدىن سەل قىزىرىشىپ كېيىن يەنە شۈكلەپ قېلىشتى.

مەھەللە باشلىقى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ راخماننىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ ئۆيدىن بىر نەرسە چىقىشقا ئۇلار تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ۋەزىپە دېگەن ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتنى ئورۇندىماي بولمايدۇ-دە! مەھەللە باشلىقى ئىشكنى چېكىپ راخماننى توۋلىدى، قالغانلار هويلىدىكى ئالمىنى قېقىپ يېيىشكە باشلىدى. بىر كەمدىن كېيىن ئىشىك جۇۋازدەك سەت غىچىرلاپ ئارقىدىن راخماننىڭ ئورۇق گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مەڭزى تومپىيىپ، كۆزلىرى ئۆڭكۈر ئىچىدە پىلىلداۋاتقان شام نۇرىدەك ھەممە نەرسىگە تىنچ ۋە پەرۋاسىز تەرزدە قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەسكە تېخىمۇ ئېڭىشىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن خەلچىخان ۋە قىزى پەيدا بولدى. خەلچىخان ئۇلارنى كۆرۈپلا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ غېرىپ كەپىگە كىرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا يالغاندىن رەھمەت ئېيتىپ، راخمانغا كېلىش مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتتى، راخمان ئىگىلىكىدىكى ئون مو يەر ئۈچۈن يۈز يەن بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ھۆججەت يازدى.

راخمان گەدەن پاتىڭنى بىرى كېسىپ تاشلىغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، خەلچىخانغا يەر تېگىدىن بىچارىلەرچە قارىدى، خەلچىخانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ

سالپىيىپ تۇراتتى، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزى بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ناتونۇش كىشىلەردىن ئۈزمەي، قىزىقسىنغان ھالدا ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قاراپ، شۇنچە سەت، كۆرۈمسىز ئادەملەرنىڭمۇ كىشىنىڭ كىرگۈسى كەلمەيدىغان مۇشۇنداق ئېغىلدەك ئۆيدە پەرىزاتتەك بالا چوڭ قىلغىنىغا ھەيران بولۇشۇپ، گويا ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك تەمەخور كۆزىنى تىكىپ، ۋەسۋەسگە تولۇپ، بىر-بىرىگە يوشۇرۇن كۆز ئىشارىسى قىلىشتى. بىرەيلەن بايا قاققان ئالمىسىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

مەھەللە باشلىقى راخماننىڭ گەپ-سۆز قىلماي، يەردىكى چۆمۈللەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋازىغا ھوقۇقدارلارغا خاس ھەيۋەت، سالماق تۈس بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنداق گۆشىيىپ تۇرۇۋالساڭلار قاملاشمايدۇ راخمىناخۇن، ما ۋەزىپىنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيمۇ يا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى بۇغدايلىرىنى ساڭغا ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، سىلە ئۇ قاتاردا يوق، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە بوپتۇ دەپ ئېتىبار قىلىپ ئۇنى زېمىمەڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتسەك، ئەمدى كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم چاقىرىقلىرىغىمۇ ئاۋاز قوشماي بەزدەك ئىششىپ تۇرۇۋالساڭلار نېمە دېگىلى بولىدۇ ئەمدى سىلىگە! كوپىراتسىيە كەتتى راخمىناخۇن، چاپان تېخى تىزدىن ئاشمىسا، خوتۇنۇڭلا بىرەر يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ كىيەلمىسە، ماۋۇ بىچارە قىزىڭلا مۇشۇنداق توپا يەپ، ئەسكى كىيىم كىيىپ يۈرسە ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇنى مەكتەپكە

بەرمەمسلە، ياخشى ئۇقۇتۇپ قەددىڭلىنى كۆتۈرمەمسلە؟!

راخمان تاقەتسىزلىنىپ ئۇن قاتتى، ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك بوغۇق ۋە پەريادلىق چىقىپ كەتتى:

ــ ماقۇل، ماقۇل، ياندا ھازىر پۇل يوق، بانكىدىن ئالغان قەرزمۇ تېخى شۇ پېتىمدا، بۇغداي...بۇغداي بەرسەكقۇ بولار؟

ــ ھە بېرىڭلا، نېمە بەرسەڭلا بېرىڭلا!

راخمان خەلچىخان بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر دەمدىن كېيىن بىر تاغار بۇغداينى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇغداي يىغىشقا مەسئۇل كىشى تاغارنى ئېچىپ بۇغداينى ئالقىنىغا ئېلىپ قارىدى، ھەيرانلىقىنى ئۆز-ئۆزىگە دەۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:

ــ مانىڭغا قاراڭلا، بۇ قانداق ئادالىغان بۇغداي، ئارىسىدا ساپ ئۇششاق تاشلار تۇرىدىغۇ؟! بازارغا ئاپارسا قانداق ئۆتىدۇ بۇ؟!

باشقىلارمۇ بېرىپ بويۇنداپ قارىدى. راخمان بىلەن خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى سىيلىپ كەتتى. خەلچىخان ئىچىدىكى دەرد-ئەلەمنى باسالماي بومبىدەك پارتلاپ، ئاللىكىملەردىن زارلانغاندەك، ئاللىكىملەرگە يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قانداق ئادالىغان بۇغداي دەيسىلەرغۇ؟! نەچچە كۈن ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈپ، نەچچە كۈن غەلۋىردە تاسقىدۇق، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، بۇ بۇغداينى ئادالايمىز دەپ تارتمىغان جاپايىمىز قالمىدى؛ قانچە قىلساقمۇ بۇ تاش ئۆتكەمدىن ئۆتۈپ كەتتى، غەلۋىردىن چۈشمىدى؛ شامالدا ئۇچۇرىۋېتىلى دېسەك قوغان ئەمەس، بىر تالدىن تېرىپ ئاللى دېسەك بەش مو يەرنىڭ بۇغدىيى، ئويلاپ بېقىڭلا، شۇنچە كۆپ بۇغدايدىن قۇمدەك چېچىۋەتكەن شۇنچە

جىق تاشنى  قانداق ئىلغاپ تۇگىتەلەيمىز؟! تاشلىۋېتىلى دېسەك قىش- ياز ئىشلەپ تېرىپ، سۇ قۇيۇپ، ئوغۇتلاپ، خامانىدا تېپىپ، سوقۇپ ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولغانىدا تاشلىۋەتسەك قىشچە نېمە يەيمىز؟! رەھبەرلەر! ئويلاپ بېقىڭلار، مۇشۇ يېقىندىن بېرى تېخىمۇ ئەبگالىشىپ كەتتۇق، خۇدايىم نېمە قىلغان گۇناھىمىزغا بالا-قازانى بىزگە شۇنچە كۆپ بېرىدىكىن؟! بىر موزىيىمىز بارتى، ساتساق يۈز كويغا يارايتتى، ھارام بولدى! بانكىغا قەرزدار بولۇپ خەقنى دوراپ ئوغۇت ئېلىپ شاللىققا چاچساق سۇيىنى خەق تارتىۋالدى. ئەمدى كېلىپ ئاش تېرىپ ئېغىزىمىزغا ئالا-ئالمايلا بىر قېيىشمان تۇڭگۇز ئېشىمىزغا تاش-توپا چاچتى. بۇنى كۆڭلۇم تۇيۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. خۇدا ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان  بۇ يامانلىقلىرى ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ...- خەلچىخان غەزەپتىن تىترەپ، يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، قىزىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ كۆيىنكىنى تۈزەشتۈردى.

خەلچىخاننىڭ گەپلىرى بىلەن راخماننىڭ ئىچ-قارنىمۇ بوشاپ قالدى، مەھەللە باشلىقىدىن ئۆز ھالىغا يېتىپ يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى.

— بۇغدىيىڭلىغا كىم تاش تۆكۈۋېتىپتۇ، ئۇقتۇڭلىمۇ؟-دېدى مەھەللە باشلىقى.

— ئەگەر ئۇقسا، پايەنگە بېرىپ ئەرز قىلسا ئاقىدۇ،-دېدى يەنە بىرەيلەن.

خەلچىخاننىڭ كۆزىدە ئۈمىد شولىسى پارلىدى، بىراق، كۆز كۆرمىسە، گۇۋاھچى بولمىسا بولمايدۇ. سوت دېگەننىڭ داڭقان پۇتى كۆپ. خەققە تۆھمەت قىلىپسەن دەپ ئۆزىگە گەپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ

ئۇستىگە، راخمانىنىڭ كۆندە دەيدىغىنىمۇ شۇ:"ئۆزەڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما". مۇشۇ كونا گەپكە ئۇ مەھكەم يېپىشۇالدۇ، نەق جايدا تۇتۇۋالالمىسا، باشقا يەردە پالانچى مۇنداق قىپتۇ دېسە خەققە تۆھمەت دەپلا يۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خەلچىخانغا نېمە چارە؟ شۇنداق قىلىپ، خەلچىخاننىڭ كىچىككىنە ئۈمىدى قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقالدى.

— ئۇ كۈنى كەچتە ھېرىپ كېتىپ ئۆيدە ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، شۇنىڭغا ئۆزەمگە ھازىرغىچە ئاچچىقىم بار، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەندىكىن خەققە بېرىپلا ئۇسكىلى بولمايدىكەن،-دېدى راخمان.

— ئەمىسە ما ئىشنى قانداق قىلىمىز؟-دېدى مەھەللە باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— توك پەيدا قىلغىلى بولسىغۇ ئوبدان ئىش ئىكەن، ئاتام زامانىسىدا كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز، ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بار، پەرمانىغا بويسۇنىمىز.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ما پۇلنى تۆلەيدىغاننىڭ ئىشنى قىلىڭلا

— تۆلەيمىز، شۇ... ئالدىرىماي تۆلەيمىز.

— قاچان تۆلەيسىلە؟!

— شېلىمىز بىر پىشسا، كېۋەزلىرىمىز بىر ئېچىلسا... يا بولمىسا، قۇرۇلۇشقا ئادەم كېرەك بولۇپ قالسا ھاشارنىڭ سىرتىدا ئىشلىشىپ بېرەرمەن.

— ئۇ يەرگە قارا كۈچ ئەمەس، كاللا كېرەك، تېخنىكا كېرەك، سىلىدە شۇنداق قۇدرەت بارمۇ؟-دېدى مەھەللە باشلىقى چېچىلىپ،- شۇڭىمۇ دەيمەن، سىلىنىڭ بېشىڭلىدا زادى ئازراق زاغۇن بار. قاچانلا كەلسە كالىنىڭ بېزىدەك

مۇشۇنداق ئىششىپ تۇرىسىلە، يا سىلنى بۇرۇنقىدەك تۇتۇپ ئاپىرىپلا سولاپ قويغىلى بولمىغان، ئىۇرۇپ-دەسسەشنىڭ تېخى ئورنى يوق! پۇلنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تەييار قىلىڭلا، قېشىڭلىغا ئەمدى كۆندە كېلىۋەرمەيلى، بىكارچى ئادەم يوق سىلىگە...

مەھەللە باشلىقى يەنە بىر مۇنچە قايناپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزدىن يوقالدى. راخمان بىلەن خەلچىخان يېنىك تىندى، بېشىنى ساڭگىلىتىپ غەمگە چۆكۈپ كېتىشتى.

**14**

ئەتىسى سەھەردە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى يەنە بىر قانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ راخماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. راخمان ئۆيىدىن چىقىپ، خىزىر بىلەن ئۇچراشقاندەك يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— بولدى كايىماڭ،-دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ يەرگە تىرەپ،-مەسچىتنى يېڭىلاشقا تەرەددۇت قىلىپ، تۆنۈگۈننىڭ بېرىسى مەھەللە كويىدىن بىرەر چارەكتىن بۇغداي ئۆشرە ئايرىڭلار دەپ كۆپ ۋەز ئېيتتۇق. ھەممەيلەن دېگۈدەك بىرەر چارەكتىن، خالىغانلار ئىككى-ئۈچ، ھەتتا بەش چارەكتىن بۇغداي بەردى، ئىمانىغا يارىشا ئاتىغانلىرىنى بېرىشتى، قارىسام تويىنىڭ ئىچىدە يەنە سىلە يوق. مەسچىتكىغۇ بەزىدە چىقىپ بەزىدە چىقماي يۈرۈڭلا، خۇدالىق ئۈچۈن ئەمدى ئاز-تولا ئۆشرە بېرىڭلا دېسە، بېشىڭلىنى ئىچىڭلىگە تىقىپ يۈرەمسىلە؟ قارىسام، قاتار تامدىن يىراقكەنسىلە، شۇڭا ئاتايىن ئۆزەم مەشەگە ساقلىمنى سۆرەپ كەلدىم، ئىلكىڭلىدە باردۇر؟ ئۆشرە

دېگەن پەرز، بۇنى بەرمىسەڭلا بولمايدۇ، بولمىسا قىيامەتتە خۇدانىڭ نېمىتىدىن ھېساب بېرىسلە...

راخمان بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە خەلچىخان بىلەن ئۇزۇن ھەپىلىشىپ، ھەممىدىن پاكىز ئادالىدۇق دەپ ئايرىپ قويغان بۇغدايدىن بىر چارەك ئېلىپ چىقتى.

— نېمە تاش بۇ؟- ئىمام ھاسىسىنى جۆنۈپ، بىرە-بىرە ئارىلىشىپ تۇرغان تاشلارنى كۆرسەتتى.

راخمان كۆرۈنۈپ قالغان تاشلانى ھاپىلا-شاپىلا ئىلغاپ تاشلىۋەتتى. ئىمام زوڭزىيىپ، قولىنى ئارا شەكلىدە بۇغدايغا تىقىپ ئۇنى چالغىتتى، بىر مۇنچە ئۇششاق تاشلار يەنە كۆرۈنۈپ قالدى.

ھوي، بۇ نېمە ئالامەت راخمىناخۇن؟!- ئىمام ئاچچىقلاپ كەتتى،- ئېتىقادىڭلا دۇرۇسمۇ ئۆزى، مۇشۇنداق ئەخلەت بۇغداي بىلەن بىزنى يولغا سالماقچىمۇ؟ تۈزۈكرەك بۇغدايدىن يوقمۇ ئۆزى؟!

— ھەممىسى مۇشۇنداق بۇغداي،-دېدى راخمان ئوڭايسىزلىنىپ.

— بىر نائەھلى بۇغدىيىمىزغا تاش تۆكۈۋېتىپتۇ قارىسىلا ئىمام ئاخۇنۇم،-دېدى خەلچىخان دەردىنى سۆزلەپ.

— خۇدانىڭ نېمىتىنى مۇشۇنداق خارلىغان بارمۇ! پۇلغا يارىغۇدەك باشقا ئوقىتىڭلىمۇ يوقمۇ ئۆزى؟!- ئىمام ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋېتىپ تويۇقسىز ئىشىك ئالدىدىكى چەللىگە ئارتىپ قويۇلغان موزاي تېرىسىنى كۆردى ۋە،- پاكىز ئادالىغان بۇغدىيىڭلار بولمىسا ئەمىسە ئاۋۇ كالا تېرىسى بولسىمۇ بولىدۇ،-دېدى.

— بۇ...بۇنى قىزىم كۈزدە مەكتەپكە كىرىشكە ئۆلگۈرتۈپ سېتىپ

دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بېرەي دېگەنىدىم...

— بۇنىمۇ بەرمىسەڭلا، ئۆشرىنى زادى بېرەمسىلە-بەرمەمسىلە؟! ئانداق قىلماڭلا ھەي مۇسۇلمانلار، يىلدا بىر كېلىدىغان ئۆشرىنى ئانداق گەدەنگە قەرز قىلىپ ئارتىپ قويماڭلا...-ئىمام قاتتىق ئېچىنغاندەك سۆزلەپ كەتتى.

— بولىدى بېرىۋېتەيلى،- دېدى خەلچىخان راخماننىڭ بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ،- كۈزلۈككە ئاش ساتىمىزغۇ، خۇدايىم بېرەر...

راخمان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئاپتاپ يەپ خېلىلا پارقىراپ قالغان تېرىنى ئاۋايلاپ ئالدى ۋە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇزاتتى.

— قارىنىڭلا بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا مەيلى،- دېدى ئىمام يەنە ساقىلىغا تۇكۈرۈپ،- بۇ نېمەڭلىنى مەن ئۆزەمنىڭ قىلىۋالمايمەن، مەسچىتنى دېمىسەم بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، ھەر يىلى بىر كېلىدىغان مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقىمۇ تىرناق تاتىلاپ، كېكەچلەپ تۇرىدىغان سىلىدەك بەندىگە خۇدا ھېلىمۇ بېرىپتۇ!

— بولدى ئىمام ئاخۇنۇم، ماڭا قويۇڭ، مەن تەربىيە قىلاي، بۇ ئادەمنىڭ ئىمانىغۇ ئەزەلدىن سۇراق، كېيىنچە ئۇنداقمۇ بولماس،-خەلچىخان تېرىنى ئىمامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئىمام دەرھال ئارقىغا داجىپ:

— بولدى، بولدى، تېرىنى ماڭا بېرىڭ،- دەپ خەلچىخاننى سىلكىۋەتتى.

خەلچىخان جايىدىلا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن سالپىيىپ تۇرغان راخمانغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئىمام بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ يولىغا راۋان بولدى.

تەبىئەت پەسلگە قاراپ رەڭمۇ رەڭ تۈس ئېلىپ شۇ قەدەر گۈزەل، تەبىئىي، پاك ھالەتتە، ئىچى خىلمۇ خىل خام-خىيال، ۋەسۋەسىگە تولغان ئادەملەرنىڭ يورۇق ئالەمدە كۆرسىتىۋاتقان قەبىھلىكلىرىگىمۇ، ئىزگۈلۈكلىرىگىمۇ گويا ئانىسى گۆدەك بالىسىنىڭ ھەممە قىلىقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتكەن.

ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى، بولۇپمۇ سەھرادا ئۆتكەن بالىلىق دەۋر ئۆزىنىڭ غۇبارسىزلىقىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەچكە، غايىۋى گۈزەللىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەممىدىن ئۇنتۇلماس كېلىدۇ. بالىلىق تەسەۋۋۇردىكى تەبىئەت گويا تاڭدىكى سۈبھىدەك شۇ قەدەر جىمجىت، شۇ قەدەر خىلۋەت، شۇ قەدەر نۇرانە! يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئەسلىملىرى غۇۋالىشىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالىدۇ، بالىلىققا قايتا نەزەر سالغاندا تەسەۋۋۇرۇڭدا پەيدا بولغان گۈزەللىك سېنى پاكلىققا، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ.

روزى ئۆيدىن چۈشلۈك تاماقنى يەپ چىقىپلا راخمانىڭ ئۆيىدىن ئۇدۇل ئامىنەمنى تاپتى. چۈشتىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا راخمان ئۆيگە قايتماي، ئېتىزلىقتا بىرەيلەننىڭ كالىسىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوسا قىلىنغان ئېگىزلىقنى ئاغدۇرۇۋاتاتتى. خەلچىخان بولسا قاتتىق ئىسسىقتا تالاغا چىقماي، ئۆيدە تەكىنى قىرلاپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئامىنەم ئۇنىڭغا تۇيدۇرمايلا ئۆيدىن چىقىپ روزى بىلەن تېپىشتى.

ئىككىسى بىر-بىرىنى قوغلاپ كېۋەزلىكتە بىردەم مۆكۈشمەك ئوينىدى،

پىشمىغان قوغۇن-تاۋۇزلارنى چېقىپ يېيىشتى، ئاندىن توپىلىق يولدا يالىڭاچ پۇتلىرى بىلەن راھىتىم سىزىپ بىر-بىرىگە كۆرسىتىپ كۈلۈشتى. زىرائەتلەرنى، كۆكتاتلىقلارنى ئارىلاپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان گۈللەرنى ئۈزۈپ كېپىنەكلەرنى ئۇچۇرتۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا توختاپ، ھارغىنلىقتىن چۆپلۈككە ئۆزىنى تاشلاپ بىر دەم ئېغىناشتى.

— كۈن بەك ئىسسىقكەن،- دېدى روزى كۆزىنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى قولى بىلەن توسۇپ.

— ئەمسە كېتىلىمۇ،- دېدى ئامىنەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، ئۆستەڭ بويىدا ئاكام بار، شۇ يەرگە بارىلى.

— ئاكاڭ نېمە قىلىدۇ؟

— سۇ ئۈزىدۇ.

— ياق، ياق، ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئاكاڭ بوزەك قىلىدۇ،

— قورقماڭ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ!

ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گاھ ئاجرىتىپ، گاھ تۇتۇشۇپ ماڭغانچە ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ئاكاڭ قېنى گوللاڭچى!؟

— ئا يەردە ئوخشايدۇ.

ئۇلار يەنە بىر دەم مېڭىپ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۇ قاتقا ئۆتتى.

— ئالما! ئالما!-ئامىنەم ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىۋەتتى.

— قېنى، قېنى!-روزى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كېلە، كېلە، ئاينا، ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، يېقىن كەلدى، مانا، مانا ھازىر

تۇتۇۋالـمەن!...

بىر ئاق ئالما قىرغاقتا يېقىن، ئاستا ئېقىنىدا بىر چۆكـۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئامىنەم ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ قىرغاققا كەلدى، ئالمىنىڭ ئېقىپ كېلىشىنى كۈتۈپ قولىنى سوزۇپ تۇردى. ئالما بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، ئاز قالدى! ئامىنەم جىددىيلىشىپ قولىنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇپ تەييار تۇردى. ئالما ئۇزۇپ كېلىپ ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئالمىنى ئالغىنىمغا ئالىمەن دەپ بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلدى؛ شۇئان قىرغاقتىكى تىنىپ قالغان لايغا پېتىپ تۇرغان پۇتى تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، لاي قومۇرۇلۇپ، ئەجەلنىڭ يۇرەكنى جىغىلدىتىدىغان سەزگۈلىرى ئۇنىڭ ئالما ھەققىدىكى تاتلىق خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى. روزى ئۇنىڭ سۇغا چۆكۈۋاتقان ھالىتىگە داڭقېتىپ قاراپ قالدى. ئامىنەم ئۇنى چاقىرغاندەك قىلدى، ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئاي كەبى يۈزى سۇغا شولا چاچقاندەك ئاستا-ئاستا چۆكتى ؛ چوڭ، نۇرلۇق كۆزى چاقماقتەك چاقناپ، روزىنىڭ يۈرەك-باغرىنى چايان چاققاندەك تىلغاپ، قەلبىنى لەرزىگە سالدى. روزى ئېسىگە كەلگەندە رەھىمسىز سۇ ئاۋالقىدەك لايلىنىپ، دولقۇنلىنىپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى...

روزى سۇغا ئەگىشىپ داۋاملىق يۈگۈردى، ئامىنەمنىڭ بېشى كۆرۈنمىدى، ئۇ ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى، سۆگەتنى قۇچاقلاپ يەنە ئورنىدىن تۇردى، سۇغا يەنە قارىدى. بىراق ، ئۇ شۇنچە زارىقىپ كۈتكەن نۇرلۇق سىما سۇ يۈزىدە قايتا پەيدا بولمىدى. تاش يۈرەك لاي سۇ ئۇنى ئۆز قارنىغا يۇتۇپ كەتتى! روزى مىشىلداپ يىغلىدى، كېيىن بىردىنلا ھۆركىرەپ يىغلاپ مەھەللىگە چاپتى.

ئامىنەمنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن مەھەللىنى زىل-زىلىگە سېلىۋەتتى.

راخمان شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، قىزىم دېسە قىزىم دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئېقىننى بويلاپ شامالدەك تېز يۈگۈردى، ئاخىر ماجالى يەتمەي يەرگە گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلاپ يەرنى مۇشتلاپ، تىرنىلاپ ئۆمرىدىكى ئەڭ قاتتىق نالە-زارىنى باشلىۋەتتى، ۋۇجۇدىدىكى ئەرلىك غۇرۇرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ نالىسىگە قىسسىلەردە ئېيتىلغاندەك، سۇدىكى بېلىقلارمۇ، ھاۋادىكى قۇشلارمۇ چىداپ تۇرالمايتتى.

خەلچىخاننىڭ يىغىسىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەتتى. راخمان ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ تىللىدى، ئۇردى. خەلچىخان راخمانغا يىغلاپ يالۋۇردى، ئۇنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ، بېشىنى ئايىغىغا قويۇپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك قاتتىق يىغلىدى. راخمان ئۇنىڭ كۆكسىگە، قورساقلىرىغا تېپىپ ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى ۋە سۆنۈپ كەتكەن كەتمەن دەستىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇردى. ئاڭغىچە باشقىلار ئۆلگۈرۈپ كېلىپ، ئىككى ياندىن راخماننىڭ قولىنى قايرىپ تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— قويۇپ بېرىش! ھەي مۇناپىق ئاقساقاللار قويۇپ بېرىش دەيمەن، ئاناڭنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ!-راخمان ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىناتتى، يۇلقۇناتتى،- مەن بۇ ئۇيقۇغا تويماس ھارام چوشقىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ نېمە

كۆرسەم كۆرىمەن، بالىغا قارىماي زادى نېمە ئىش قىلدى بۇ قانجۇق، ئۆيدە يېتىلىپ ياتقىچە بالىغا قارىسا بولمامدۇ؟! قويۇۋېتىڭلا دەيمەن، مەن بۇ ئېرىماس قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن!

— ئاچچىققا هاي بېرىڭلا راخمىناخۇن، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، قىزىڭلىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەممە خەقنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ، ئاللانىڭ تەقدىرى ئەمدى، قانداق قىلىسىلە!؟ قىزىڭلىغا ئوبدان ھېزى بولماي ئەمدى خوتۇنۇڭلىغايۇ بىزگە ۋارقىراپ بەرگەن بىلەن ئىش تاڭاتامدۇ؟!

— خەپ ئاشۇ مۇناپىق ئوغرىنىڭ چىشىقاق كالىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيمەن دەپ يوق يېمىگەن بولسام...

— گەپ ئۆزەڭلىدىكەن ئەينا، خەلچىخاننى ئانداق قىلىمەن، مانداق قىلىمەن دېمەي، بېرىپ قىزىڭلىنى ئىزدىمەمسىلە! كۆزى ئوچۇق كەتتى-دە بىچارىنىڭ! بۇ چاغقا نەلەردە ئېقىپ، نەلەردە قاپسىلىپ يۈرەر!

راخمان بوشىشىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كەتكەندە ئاچچىقتىن يانماي، خەلچىخاننى يەنە ئۇرماقچى بولۇپ، قوناقلىقنى ئارىلاپ، ئۆتتۈر كەلگەن قوناقنى سۇندۇرۇپ"خەلچەك! بۇ ياققا چىق!" دەپ ۋارقىراپ، تاپالمىغاندا ئارقىغا قايتتى؛ جاندىن تويغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ ئازراق سۇ ئىچتى. سۇنىڭ تەمىمۇ ناھايىتى يات، قىرتاق، ئاچچىق تۇيۇلدى. خوتۇن كىشىدەك يىغلاۋەرمەي دەپ يۈز-كۆزىنى يۇيدى، كۆزىدىكى ياشلارنى سۇ بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەندەك بولۇپ سەل يېنىكلەپ قالدى. ئازراق مېڭىپلا خىيالىغا يەنە قىزىنىڭ ئۇنتۇلماس چىرايى، ئىنچىكە ئاۋازى كىرىۋېلىپ كۆڭلىنى قايتا بۇزدى، ياشلىرى ئىختىيارسىز مەڭزىدىن ساقىپ قىزغۇچ ساقاللىرىغا كېلىپ

توختىدى. قىزى هايات چېغىدا ئۇنىڭ مۇشۇ ئۇچلۇق ساقاللىرىغا ئويماقتەك ئېغىزىنى يېقىپ سۆيۈپ قوياتتى، كۆزلىرىگە مەھكەم قادىلىپ، ئاتىسى بىلەن كۆز بېقىشىپ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان جىلۋىلەرنى قالدۇرغانىدى:

ــ قىزىم ماڭا كۆيەمسىز، ئاپىڭىزغىمۇ؟

ــ سىز سۆيۈپ قويسىڭىز سىزگە، ئاپام ناخشا ئوقۇپ بەرسە ئاپامغا.

......

ــ قىزىم، ئالما ئېلىپ بېرەيمۇ؟

ــ هەئە، هەئە!

ــ قايسىنى؟

ــ ئاۋۇ ئۇچىدىكى پىشقاننى...

راخمان ئۆزىنى تۇتالماي يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بىر هازا يىغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدى، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۆزىنى قاتار تامنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مەهەللە باشلىقىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ هويلىسىغا كىردى. مەهەللە باشلىقىمۇ مۇسىبەتكە چۆكۈپ غەمكىن ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ قىزىم، قىزىم... ئۇ... راخماننىڭ بوغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

ــ ئۇقتۇم، ئەجەپ بىر قىز ئىدى، كۆز تەگكەندەك ئىش بوپتۇ، بولىدۇ، مەن دەي، ئۆستەڭدىكى سۇنى توختىتىپ تۇرسۇن، قىزىڭىزنى ئىزدەيلى!

راخمان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، هەسرىتىگە مەمنۇنلۇق قوشۇلۇپ

يەنە يىغلاپ كەتتى.

## 17

راخمان سۇ توختىتىلغان ئۆستەڭنى بويلاپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قىزىنى ئىزدەشكە چۈشتى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى. دىلىدا خۇدانى مىڭ قېتىملاپ يادلاپ ھەم ئۇنىڭدىن مىڭ قېتىملاپ زارلاپ، يۈرەكلىرى جىددىيلىك ئىچىدە پوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار يېرىم كۈن ئىزدىگەن جەسەت ئاخىر سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر توغاندىن تېپىلدى. راخمان قىزىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ ئۆزىنى ئاتتى، قىزىنىڭ ئاق، سۈزۈك يۈزى كۆك رەڭگە كىرىپ، كىيىملىرى تىتىلىپ، يۇمران تېرىلىرىگە چىڭ چاپلىشىپ قالغانىدى، ئەمما پۈتۈن قىياپىتىدىن يەنىلا تەڭداشسىز بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. كۆپچىلىك كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى: قىزنىڭ كىرپىكى ئۆسۈپ قالغانىدى ھەم بىر-بىرىگە چىڭ كىرىشىپ ئۇستىگە قايرىلىپ تۇراتتى؛ بۇرنى، لېۋى مۇز چوكىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى؛ بويى ئۇزۇراپ، زىبا قامىتى توغاننىڭ قوزۇقلىرىغا مەجنۇنتالدەك يۆگىشىپ قالغانىدى.

— ۋاي جېنىم قىزىم، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم، يا ئاپاڭ دېگەن پاڭقاي ئۆلسە بولمامدۇ؟! ۋاي قىزىم، ۋاي قىزىم، ۋاي مېنى تاشلاپ كەتتىڭغۇ قىزىم، ۋاي ئەمدى مەن قانداق قىلاي قىزىم، ۋاي كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا جېنىم قىزىم، ۋاي قىزىم...-راخمان قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنى سىلكىپ ئويغاتماقچى بولغاندەك ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، قىزىنىڭ يۈزىگە

يـۈزىنى يېقــىپ ھــۆ تارتــىپ يىغـلاپ كەتتــى. باشـقىلار ئـۇنى يەردىــن تەسـتە يۆلەشتۈرۈپ مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى.

جامائەت راخمانغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنى خەلچىخاننىــڭ بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئۈناتتى. قىز يۈيۈپ تارىلىپ، ئاپئاق كېيەنلىنىپ ئەبەدلىك ئارامگاھىغا قايتتى، نامىزىغا قىزنى ھايات چېغىدا كۆرگەنلا ئادەم بولسا بارماي قالمىدى. خەلچىخاننىڭ راخمانغا كۆپ يىلىنىشى ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىشى بىلەن راخمان ئاخىر يۇمشاپ، خەلچىخان بىــلەن بىــرگە قىزىنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۆرۈشماي-تالاشماي ياخشى ئۆتكۈزۈۋالدى.

— مەن ھېچ بىلمىدىم،- خەلچىخان قىزىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغــان ئاخشــىمى راخمانغــا ئــورۇن سېلىۋېتىپ،- خــۇدا بىــزدەك پېقــىر-مىسكىنلەرگە نېمىشقا مۇنداق تەتۈر قارايدۇ؟! ئاشلىقمىزغا خەق زىيان سالسا، موزايىغۇ مەيلى، ئەمدى ئاشــۇ بىــر تــال قىزىلگۈلدەك قىزىمىزمۇ ئېچىلماي توزۇپ كەتسە.... خەلچىخان ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى،- دېدى راخمان بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ،- ماڭقاڭنى تولا ئېقىتما، ئەتىگىچە يەنە نېمە بولىمىز خۇدا ئۆزى بىلىدۇ!

— ئەمدى ئۇنداق قىلماي سەھەر تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىڭلا، ئۆشرە-زاكاتنى قىسىۋالماي بېرىلى، بالا-قازا كېلىۋەرمىسۇن ئادەمگە.... بۇرۇن پات يىغلىمايدىغان خەلچىخان قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى يېشى قۇرىمىدى، نەزىردىمۇ ئــۇ "ئــون گۈلىنىــڭ بىــرى ئېچىلمــاي توزۇغــان بــالامەي... " دەپ قىزىنى قوشاقتا قېتىپ يىغلاپ، نەزىرگە كەلگەنلەرنىــڭ يــۈرىكىنى تىترىتىــپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇۋەتتى. بىراق راخمانغا ئۇنىڭ يىغىسى ناھايىتى سەت ئاڭلىناتتى، يالغۇز قالغانلىرىدا " بولغۇلۇق بولغاندا چوشقىدەك خارتىلداپ

كۆزۈڭنىڭ شوۋىسىنى تولا ئېقىتما، سېنىڭ زادى قىزىمغا ئەزەلدىن كۆيۈمىڭ يوقتى، ئۇ ئۆلۈپ ئەمدى پاقاڭ قاندىمۇ" دەپ تېرىكەتتى، ئۆزى بولسا يوشۇرۇن ياش تۆكەتتى.

## 18

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، يوپۇرماقلار ھەش-پەش دېگۈچە سارغايدى. كۈن پارقىراپ چىقىپ ھەممە ياقنى ئىللىق ئاپتاپقا چۆمدۈردى. راھەتبەخش كۈز شامالliri ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان زىرائەتلەرنى لەرزان تەۋرىتەتتى. مەھەللىنىڭ ئەڭ مول چاغلىرى يېتىپ كەلدى.

چېڭقى چۈش مەزگىلى. تۇراق ھويلىسىدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈمدىن بىر ساپاق ئۈزۈپ يېگەچ تالاغا چىقتى. زېرىكىش ئۇنىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇپ، پۈتىنى تايدۇردى. ئۇ بۇ كەڭرى زېمىندىن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ ئېتىزلىقنى ئارىلاپ ماڭدى؛ پۇرچاق بولامدۇ، كالىماش بولامدۇ، يولدا ئۇچرىغان يېگۈدەك نەرسە بولسىلا يەپ ماڭدى. ئاندىن خەقلەرنىڭ كېۋەزلىكىگە كىرىۋېلىپ، پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن تاۋزلارنى يەرگە چېقىپ يەپ ئۇسسۇزلۇقنى باستى. ئۇنىڭ قۇۋۋەتكە تولغان ئېگىز بەستى، خېلى كېلىشكەن سىياقى مەھەللە قىزلىرىنىڭ بېشىنى ئاسان ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقىمىدى، ھە دېسىلا قىزلارنى بوزەك قىلغاچقا مۇئەللىمى ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپ، مولىمناخۇن شۇ باھانىدە ئۇنى ئوقۇشتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆزىگە يانتاياق قىلىۋالدى.

ئۇ كېۋەزلىكتە بىر دەم ئولتۇرۇپ ئۆتكەنكى شېرىن مىنۇتلارنى خىيال قىلدى. كاللىسى شەھۋەت خىياللىرىغا يەنە تولۇپ، نەپسى ئاشۇ نەرسىگە

ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ لايغەزەل جىسمىنى سۆرەپ ماڭدى. ئۇ ئىچى پۇشۇپ كالللىسنى قاشلاپ، قالايمىقان دەسسەپ راخمانىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلدى؛ خەلچىخاننى ئېسىگە ئېلىپ رۇجەكتىن ماردى؛ كۆزى چەكچىيىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىنى تېنتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيدە بەھوزۇر ئۇخلاپ ياتقان خەلچىخاننى كۆرۈپ ھەۋەستىن يۈرىكى سەكرەپ، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى؛ شەپە چىقارماي مېڭىپ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى پاكار تام بىلەن قورشالغان ساماندىققا ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە تىۋىشسىز قەدەم بىلەن كىردى-دە، خەلچىخان ئۇخلاپ ياتقان سۇپىغا ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈندى. خەلچىخان ھېچنېمىنى تۇيماي پۇشۇلداپ ياتاتتى، ئۇ بىردىنلا ئەسنەپ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى، تومپىيىپ چىققان كۆكسى، بىر تەرىپى ئېچىلىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈپ قالغان قورسىقى ۋە كالتە ئىشتىنىنىڭ رېزىنكىسى تۇراقنى چىدىغۇسىز قىلىۋەتتى؛ ئۇ تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك ھەۋەستىن لاغىلداپ تىترەپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ خەلچىخاننىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. ئىشتاننى پەسكە تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا خەلچىخان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، تۇراقنى كۆرۈپ يۈزى شۇ ھامان قارىداپ، چىڭقىلىپ، بىلەكلىرىگە كۈچ تولدى؛ بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنى ئۈستىدىن بوشىتىشقا ھەرىكەتلەندى، ئىشتىنىغا چىڭ ئېسىلىپ ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇنى تىللىدى:

— نەدىن چۈشتۈڭ ۋۈي ئېشەك سۈتى ئەمگەن تەخەي، نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋا، كالىنىڭ قېرىنىدىن چۈشكەن ماز پاينەك، چۈشە، ئۈستۈمدىن چۈش، ئاپاڭنىڭ ئەمچىكى ئەمەس بۇ مۇجۇقلاپ ئوينايدىغان! بىزنى بوزەك تاپمىغان سەن ئىتنىڭ كۈچۈكى قالدىڭمۇ ئەمدى!...

ــ ئوبدان ئاچا، خەسەم ئاچا، خوش بولاي، مۇشۇ بىر قېتىم....ـتۇراق ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يالۋۇردى.

ــ چۈشە شوۋىچى، ئاچاڭنى تېپىپ ئاچا ـدە!...

ــ چۈشمەيمەن،ـ تۇراق چىڭ تىركىشىپ تۇرۇۋالدى.

ــ چۈش دەيمەن، ھېلى راخمىناخۇن كىرىپ قالىدۇ!...

تۇراق بۇنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈپ شۈكلەپ قالدى، خەلچىخان شۇ پۇرسەتتە بىرلا كۈچەپ ئۇنى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. تۇراق ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ئېسىلدى:

ــ سىز ماقۇل دېمىگىچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن، راخمان كىرىپ قالسا سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، ئاڭغىچە ئىشنى چاققان تۈگىتەيلى!...

ــ ئەمىسە بىر شەرتىم بار.

ــ قانداق شەرت؟!

ــ مەن گەپ سورىسام جاۋاب بېرىسەن، ئەمما راست گەپ قىلىسەن جۇمۇ!

ــ ۋاي بولدى، چاتاق يوق!

ــ دەپ باقە، ئاتاڭ راست بىزنىڭ شاللىقتىكى ئوغۇت سۈيىنى ئېتىزلىقىغا ئېچىۋالغانمۇ؟

تۇراق نەپسى غالىپ كېلىپ راستىنى ئېيتىۋەتتى.

ــ ھە ئەمدى بولغاندۇ؟ـدېدى ئۇ يەنە خەلچىخانغا ئېسىلىپ.

ــ ياق تېخى،ـدېدى خەلچىخان ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ،ـ بىزنىڭ بۇغداي خامىنىغا تاش تۆككەنمۇ سېنىڭ ئاتاڭمۇ؟

تۇراق بىر پەس شۈكلەپ ، خەلچىخاننىڭ ئۆرلەپ ھەم پەسلەۋاتقان كۆكسىگە، كالتە ئىشتىنىنىڭ كەڭ پۇشقاقلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان يوتىلىرىغا

قاراپ كاللىسىنى  باشقۇرالماي قالدى، كونا خامانىنى سورىغان بىلەن بىزنى نېمە قىلالايتتى دەپ ئويلىدى.

ــ ھەئە، ئۇنىمۇ بىز تۆككەن،-تۇراق شۇنداق دەپلا يولۋاستەك ئېتىلىپ بارغىنىچە خەلچىخانىنى ئاستىغا ئالدى، خەلچىخان جان ئاچچىقىدا ئۇنى يۇقىرىغا ئىتتىرەتتى، تۇراق پەسكە باساتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە تىركىشىپ، يومداقلىشىپ تۇرغاندا راخمان قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ئېتىزلىقتىن ئۆيگە كىرىپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى رەسۋالىقتىن جان ئىمانى چىقىپ، قولىغا كەتمەننى ئالدى. ھەۋەستىن قىزىپ خۇدىنى يوقاتقان تۇراق راخماننىڭ ئالۋاستىدەك تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، خەلچىخانىنى تاشلاپ سامانلىققا قاچتى، گويا ئۇر-ئۇرغا قالغان چاشقاندەك پىتىراپ كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي، جان قايغۇسىدا تەمترەپ كەتتى؛ ئاخىر بار كۈچىنى يىغىپ تامدىن ئارتىلىپ ئۆزىنى  سىرتقا ئاتاي دېيىشىگە راخمان پىقىرتىپ ئاتقان كەتمەننىڭ جۈلدىسى بېقىنىغا تېگىپ پۈتى تامنىڭ ئىچىگە سىيرىلىپ كەتتى. راخمان ئۇنى ئەسەبىيلەرچە قاتتىق ئۇرۇپ-تېپىپ ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتتى، تۇراقنىڭ بايىلا قان تولۇپ تۇرغان ئەرلىك بەلگىسى ئەيپىناق بولدى. راخماننىڭ غەزىپى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، تەسەۋۇرىدا قىزىنىڭ پەرىيادلىق چىرايى ۋە مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخاننىڭ يىراقتىن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئارىلىشىپ كەتتى.

ــ ۋاي ئاكا... راخمانجىنىكا...توۋا قىلدىم... - تۇراق شىمىنىڭ ئېغىنى قامالالاپ يىغلامسىراپ يالۋۇردى.

ــ قىزىمنى بوزەك قىلغىنىڭنى ئاز دەپ ئەمدى بۇ قانجۇقنى تاپتىڭمۇ؟!سېنى مەشەگە ئەكەلگەن شادا پاچىقىڭ مۇشۇغۇ-ھە!!؟

— مەن پوق يەپتىمەن، توۋا قىلاي.... تۇراق بۇ گەپنى دەپ بولغىچە ئۇنىڭ تىزىغا كەتمەن كېلىپ تېگىپ بولدى، ئۇ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ، كاردىن چىققان پۇتىنى قۇچاقلاپ تامغا ئۈسۈپ قاتتىق ھۆكۈرەپ يىغلىدى، ئاندىن ئۇنى بوغۇلۇپ قەغەزدەك ئاقىرىپ ھۇشىدىن كەتتى.

راخمان ئۆمرىگە كېلىپ بىرەر كىمنى بۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ باقمىغانىدى، ئۇ تۇراقنىڭ ھۇشسىز ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى. بۇ خىل ھېسسىيات كۆچەيگەنسېرى خەلچىخانغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئەۋجىگە يەتتى: خەپ توختا، ئىپلاس قانجۇق، ھورۇن چوشقا، قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي! راخمان كەتمەننى كۆتۈرۈپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن خەلچىخاننى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى، كاللىسىدا پەقەت“ئۆلتۈرۈۋەت! ئۆلتۈرۈۋەت! ” دېگەن بىر قەبىھ خىيالدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئورناپ قالغان ياۋۇزلۇق بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەزەلدىن سەل كەمتۈك ئەقلىنىمۇ يوقىتىپ بېرىۋاتاتتى.

خەلچىخان قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورقۇنچتىن تۇگۈلۈپ، تىترەپ ئولتۇراتتى. راخمان قوناقلىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى بۆرە ھۇۋلىغاندەك بىر قانچە غەزەپ بىلەن توۋلىدى. خەلچىخان چىقاي، چىقاي دەپ كۆڭلى يەنە مەلۇم بىر بالا-قازانى تۇيۇپ چىققۇسى كەلمىدى. راخمان ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى ۋەھىمىلىك شالدىرلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقا باشلىدى. بۇ شەپە ھەممە تەرەپتىن تەڭلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى دەھشەتلىك سېلىپ كەتتى، ئۇ مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاچماي جىم ئولتۇرۇپ، راخمان كەلگەندە ئۆزىنى

ئۈنىڭ ئاياغ ئاستىغا ئېتىپ كەچۈرۈپ سوراپ، تۇراقتىن ئاڭلىغان ئىشەنچلىك پاكىت ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلىش ھەم ئۆزىنىمۇ ئاقلاش نىيىتىگە كەلدى، مۇمكى بولسا كېيىنچە سوتقا ئەرز سۇنۇش ۋە ئۆزىنى دوختۇرلار ئارقىلى تەكشۈرۈتۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىشىنىمۇ ئويلاپ قويدى، راخمان كەلسە ئۇنى دەرھال توختىتىۋالالدايدىغان گەپلەرنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرۇپ قويدى.

راخمان قوناق شاخلىرىنى پاراسلىتىپ بارغانسېرى ئېچكىرىلەپ كىردى ۋە قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خەلچىخاننىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاپلاندەك ئېتىلدى. خەلچىخان ئۇنىڭ بۇنچە تېز كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھودۇققىنىدىن كاللىسى ئىشلىمەي قالدى، ئەجەل پەيتىدىكى بىخۇتلۇق ئۇنى قىسماق ئاستىغا ئالدى، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— توختاڭلا، مە..ن... ھە...ھە..تۇ...تۇ

خەلچىخان بېشىنى قولى بىلەن توساپ ئېچىنىشلىق چىقىرىۋەتتى، ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا كاللىسىغا تەگكەن ئۈشتۈمتۇت زەربىدىن مېڭىسى چاچراپ كەتكەندەك بولۇپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇجۇقۇپ كەتكەن روھى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇ ئالەمگە كەتتى.

راخمان كەتمەننى تاشلاپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان خەلچىخانغا جىمىدە تىكىلىپ قاراپ قالدى، ئۇنىڭ بېشىدىن توختىماي ئېقىپ چىقىۋاتقان قانلارنى كۆرۈپ جېنى سىرقىراپ، تېقىمىدا جان قالماي يەرگە لوككىدە چۆشۈپ يۈكۈندى، ئۇنىڭ بۇرنىغا قولىنى يېقىن تۇتۇپ، تىنىقى توختىغانلىقىغا

ئىشەنمەي، مەيدىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئەمما ئۇ كېچىككەندى، رەھىمسىز رىئاللىق ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى راستىنلا ئىسپاتلاپ تۇراتتى؛ ئىللىق تىنىقىدىن ھارارەت، كۆكسىدىن لەززەت بەرگەن بۇ قەدىناس ۋۇجۇد تېزلىكتە سوۋۇپ ئاخىر توپىدىن ياسالغان ھەيكەلدەك قېتىپ قالغاندى.

قىزىل قانلار ئاللانىڭ ئادەملەرگە ئۆز رىسقىنى تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان بۇ مۇبارەك زېمىننى بۇلغىدى! خۇدانىڭ كىشىلەرگە ئادەتتە تىلەك باقالمايدىغان ئىتائەتمەن، يۇۋاش، مۆمىن بىر بەندىسى شۇ سائەتتە ئەتراپىدىكىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قاتىللىق قىلدى، ئادەم ئۆلتۈردى! بۇنداق دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنەر-ھە!؟ بىراق، بۇ خۇدا كۆرگەن ئىش، ھەممىدىن تېنىۋالغان بىلەنمۇ خۇدادىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ. مەھەللە كوي، خەلقى ئالەم بۇنى بىلمەي قالمايدۇ! راخمان بۇقۇلداپ يىغلاپ يەرگە ئېڭىشتى، پېشانىسى يەرگە تەگدى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا يەر، ئاسمان تەڭلا پىقىراپ قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك بىلىندى.



كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. راخمان موزاينىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مۈدۈرۈپ-چوقۇرۇپ قەبرىستانلىققا ماڭدى، يولدا كېتىپ بارغان بىر قانچە كىشىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھتەك كۆرۈندى. زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئەمدى يوقتەك بىلىنەتتى، ئۆزىنى يەرگە ئەمەس، بۇلۇتتا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى، گاھىدا بېشى

قېيىپ مازارلىقتا ئەمەس، باشقا ياقتا كېتىپ قالاتتى، خىيالىغا تۇرۇپلا ئاپىسى ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى بەزىبىر ئىشلار كېلىپ قالاتتى، ئارقىدىن خەلچىخاننىڭ قارامتۇل چىرايى ئۇنى بېسىپ كېتەتتى. ئۇ توساتتىن سىگايان كۆزلىرى بىلەن راخمانغا ئالۋاستىدەك تىكىلدى، ئاۋازىمۇ قورقۇنچلۇق، پەريادلىق چىقاتتى:

— مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟

— يەيدىغان رىسقىڭ شۇنچىلىككەن.

ئۇ كۆگلىدە بۇ جاۋابنى ئەڭ توغرا تاپتى، ئۆزەمنىگمۇ يەيدىغان رىسقىم ئاز قالدى، دەپ ئويلىدى، كاللىسى ئارام تاپتى، نىشاننى توغرا تاللاپ قەبرىستانلىقتا كەلدى، قىزىنىڭ قەبرىسىنى خاتاسىز تېپىپ باردى، ئىچ-ئىچىدىن ئەڭ چوڭقۇر گەپلەر تىزىلىپ چىقتى، دۇرۇت ئوقۇغاندەك تىترەپ-تىترەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قىزىم، قىزىم...ماڭا قارا، ماڭا بىر قاراپ قويچۇ! مەن ئاپاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم! نېمىشقا دەمسەن؟ ئۇ سېنى ئالقىنىمغا چۇشۇرگەن، ئاندىن مۇشۇ زېمىنغا بەنا قىلغان شەرمى ھايالىق نەرسىسنى سېنى بوزەك ئەتكەن بىر ئېشەككە بىر تۇتۇپ بەردى! چىدىيالمىدىم قىزىم، ئاپاڭدەك خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقان گۇناھىغا سېنىمۇ مۇشۇ يەر ئاستىغا سۆرەپ كەلدىم، سېنى دېمىگەن بولسام، سەن ئۇنى غەزەل ئوقۇپ بېرىدۇ دېمىگەن بولساڭ، مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ كەشىنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە تىوغرىلاپ بولاتتىم! ئۇنىڭ ئېپلاسلىقىدىن دانلىرىمىزدىن تارتىپ موزايلىرىمىزغىچە قويماي ئۆلدى، يوقالدى! ئەمدى مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن سەنسىز ئۆي تۇتۇپ ئوبدان ئۆتەلەمدىمەن؟ شۇڭا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۆلۈكنى قوناقلىقتا تاشلاپ

قويۇپ ئۆزەم بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. قىزىم، قىزىم ئامىنەم، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالىدىڭمۇ قىزىم؟ سەن ھازىر نەدە؟ ئەرۋاھىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ماڭا قارا قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا، غەزەل دېگەننى مەنمۇ ئېيتالايمەن، مەن قېشىڭغا بارسام ئىككىمىز تەڭ ئېيتىمىز، ئاپاڭ دېگەن پاڭقاي كۆزىنى قىسىپ قالدۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى مەشەدە يۇرگەندەكلا قىلىدۇ! ئۇ ئەمدى سېنىڭ قېشىڭغا بېرىۋالمىسۇن، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە! ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە!...

راخمان يەردىن توپا ئېلىپ ئەتراپقا چاچتى، ئارقىدىن قىزىنىڭ تۇپراق بېشىغا يۈزىنى يېقىپ بىر ھازا يىغلىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۆككىدە ئۆسكەن تېرەكلىككە كىرىپ، مەزمۇت ئۆسكەن بىر تېرەكنىڭ قاپ بېلىگە چىقىپ، ئارغامچىنى پۇتاققا باغلاپ بىر سىرتماق ياسىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. دەرەخلەر بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تەۋرىنەتتى، گويا ھازىرلا سۇنىدىغاندەك“غىرىس-غىرىس ” ئاۋاز چىقىراتتى. راخمان تېرەككە چىڭ يېپىشىپ، ھايات-مامات كۈرىشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، تاڭنىڭ بىر دەم ئاتماي تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. بوران چىقىۋەردى، ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى جىغىلىتىپ دەرمانىنى قويمىدى، تەسەۋۋۇرىغا يەنە كىچىك چاغلىرى، ئاتا-ئانىسى، ئاقىدىن قىزى بولۇپ بىر-بىرىدىن سۆيۈملۈك ئوبرازلار كېلىپ تىزىلدى. ئارقىدىن بىر قاباھەتلىك مەنزىرە پەيدا بولدى: خەلچىخان قوناقلىقتا ئۆلگەن يېرىدىن قوپۇپ قۇيۇنتازدەك تېز مېڭىپ مازارلىققا كەلدى ۋە پۈتۈن ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىپ،“ئۇ

قاتىل، ئۇ قاتىل! ” دەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۇشۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى مەسچىت جامائەتتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچى بولدى. راخمان ئۆز خىيالىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى، گويا شۇنداق بولىدىغاندەك دەھشەتكە چۆمدى. ئۇ ھۇشقىيتىپ تۇرغان بورانىنىڭ ھەم بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پات-پات شار-شۇر قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرىدىغان تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ ۋەھىملىك ساداسىنى ئاڭلاۋېرىپ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتكۇدەك بولدى. ھەر بىر شاۋقۇندا بىر تىترەت تېرەكتىن يىقىلىپ چۇشۇشكە تاس قالدى. يىقىلىپ چۇشسىلا تېرەك تۈۋىدىكى ئەرۋاھلارنىڭ ھەرىدەك ئولىشىپ ئۆزىنى دەسسەپ چەيلىشىنى، تاڭ ئاتقاندا جامائەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۆكۈپ، تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال جەزمەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىدىكى ھەممە قورقۇنچنى قىلغان بارلىق ئىشىم خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن يەڭدى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ يەنە بوغۇلۇش، سىقىلىش، تىل-ئاھانەت، لەنەت-نەپرەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، روھىي دۇنياسى قاراڭغۇلۇق بىلەن تولدى. ساراڭ بولۇۋېلىپ ئازراق بولسىمۇ كۆنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈش خىيالىغىمۇ كەلدى، بىراق دەل مۇشۇنداق ئويلاشىنىڭ ئۆزى ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەلمەي، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۆلۈمگە بولغان تەلپۈنۈشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۆلۈم دەھشتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ئارغامچىدا سىقىلىش، تولغىنىش ئازابى ئۇنىڭ ئۇچۇن يەرگە چۇشۇشتىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلارغا قارىغاندا كۆپ يېنىك ئىدى...

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى، بىر قانچە كىشى (بەلكىم مەسچىتكە ئەزان

ئېيتقىلى كەلگەن مەزىن ياكى ئىمام بولسا كېرەك) يىراقتىن ئەرۋاھتەك تەۋرىنىپ كەلدى. ماتەم سىگنالى چېلىندى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھالقىغا بويىنىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى مۇئەللەققە قويۇۋەتتى، ئارغامچا چىڭىپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقتى، خۇداغا مىڭ قېتىملاپ تۆۋە قىلدى. ئاخىرقى نەپەسدە ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالىتىنى ۋە جەننەتنىڭ غايىۋى سىماسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

## 20

مەھەللىنى بىر مەيدان مۇسىبەت باستى.

خەلچىخان قوناق ئورۇۋاتقان چاغدا بايقالدى. شۇ مەيداندا بارلارنىڭ بىرى قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى. يېزىلىق ساقچىخانىدىن ئادەم چىقىپ تەكشۈردى ھەم قوناقلىققا تاشلاپ قويۇلغان كەتمەننىڭ راخماننىڭ ئىكەنلىكىگە قاراپ،"راخمان خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ ئارقىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان" دەپ ھۆكۈم چىقىرىپلا ئىشنى تۈگەتتى.

خەلچىخاننىڭ جەستى ئىسسىقتا پۇراپ، سېسىپ كەتكەن، يوتا ۋە ساغرىسىنى غالجىر ئىتلار يەپ سۆڭەكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. راخمان بىلەن خەلچىخاننىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ، راخماننىڭ تاش گۆرلۈكىگە ئېلىپ كېلىپ ئىچىدىن يەنە بىر يەرلىك كولاپ دەپنە قىلدى.

راخماننىڭ يەرلىرى، ۋەيرانە ئۆيىدىكى قولغا چىقمايدىغان مال-مۈلۈكنى دەپ راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر، خەلچىخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر، مەھەللە رەھبەرلىرى ۋە بانكا كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەل بىرەر ئايغىچە

بىسقىمدى.

مولىمناخۇن بالامنىڭ دوختۇر پۇلنى راخمان تۆلەيتتى دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ ئاقتۇرالماي، ئۆزىگە يۈك بولۇپ پالەچ ھالەتتە ۋايجانلاپ ياتقان تۇراقتا ھەر قىسما گەپلەر بىلەن دوق قىلدى. تۇراق دەھشەتلىك ئاغرىق ۋە كوتۇلداشلارغا چىدىماي، مولىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئېتىزلىقتا كەتكەن ۋاقىتتا ئويۇقتا تىقىپ قويۇلغان ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىنى ئىچىۋالدى. مولىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخان قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاشتى. ئۇلار يىغلاش-قاقشاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىچىك ئوغلى روزىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدى. روزى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن كۆنىدە تاماق يېمەي يېتىۋالىدىغان، تۇرۇپلا يىغلايدىغان، ئۆستەڭگە دائىم قېچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئامىنەم سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئۇششاق بالىلىرىنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماي بېقىشتى. ئەمما روزى پۇرسەت تاپسىلا قاچاتتى، باغنىڭ سۆگۈچىدىن، دەرۋازىنىڭ تېگىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، مولىمناخۇن ئۇنى يېرىم يولدا يا بولمىسا ئۇ ئۆستەڭ بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرغاندا بېرىپ تۇتۇۋالاتتى، ئۆيگە كەلگۈچە چىۋىق بىلەن ساۋايتتى. ئاكىسى ئۆلگەندە ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى يوق تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قېيغىتىپ يۈگۈرۈپ يەنە ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭگە بىر دەم چالما ئېتىپ ئوينىدى، سۆگەت تاللىرىنى سۇندۇرۇپ، سۆلارنى چالغىتىپ شاۋقۇن ھاسىل قىلدى؛ ئېقىنىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئامىنەم ئالما سۈزىمەن دەپ يوقاپ كەتكەن جايغا كەلدى. ئامىنەم قالدۇرغان پاتقاق ئىزىمۇ تېخى شۇ پېتى تۇراتتى.

روزى قىرغاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تالنى سۇغا چىلاپ ئۆنىڭدىن ھاسىل بولغان سىزىقچىلارغا بىر پەس قاراپ تۇردى. تۇيۇقسىز بىر كىچىك قول سۇ يۈزىگە ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئارقىدىن سۇمبۇل چاچلىرى نازۇك بويۇنلىرىغا يۆگىشىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى ئاستا-ئاستا بۇراپ روزى تەرەپكە قارىدى، ئەگىم قاشلىرى، قاپقارا كىرپىك بىلەن ئورالغان شەھلا كۆزى، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، ئويماقتەك ئاغزى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ گۈدەكلەرگە خاس پاكلىق، گۈزەللىك تېمىپ تۇرغان رۇخسارىدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك ئاق، ساپ، ئىللىق نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى، چىرايى سۇغا چۈشكەن ئاي شولىسىدەك نۇر چاچاتتى. قىز غۇبارسىز، غەرەزسىز ۋە ئىنتايىن جەزىبىلىك ھالەتتە روزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن روزىنىڭ يۈرىكى تېپىچەكلەپ كەتتى. قىز ئۇنىڭغا خىرۇستالدەك ئاق، سۈزۈك، يۇمران، بۇدرۇق قوللىرىنى چىقىرىپ سۇندى. يۈزىمۇ، كۆزلىرىمۇ ئاپتاپتەك پارلاپ، سەدەپتەك چىشلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ قالدى، قىز سۆزلەۋاتاتتى:

— روزاخۇن، كەل، ساڭا بېلىقتەك سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قوياي!

—ئامىنەم مانا، قاراپ تۇر-ھە!

روزى قولىنى سوزۇپ، چاقماقتەك ۋال قىلىپ ئىچ-باغرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ قۇياشتەك يوپيورۇق قىلغان ئاشۇ گۈزەل سىماغا ئۆزىنى ئاتتى... "شار-شۇر" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لايلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ دولقۇنلىنىپ كەتتى. روزى بايا تۇتۇپ تۇرغان تال چىۋىق سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى.

# خاتىمە

ئۇ جانلار زېمىنىنىڭ ئۈستىدە ھەم ئاستىدا، ئۆلۈكلەر، تىرىكلەر ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇياش، تۇپراق، ئۆسۈملۈك گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا. ۋاقىت قۇياش نۇرى ۋە شامال بىلەن تەڭ ئۆتمەكتە، لاي سۇلار ئاۋۋالقىدەك ئاقماقتا...

# كېيىنكى ئىشلار

## مۇقەددىمە

ئۆلارنىڭ روھى ئەسلىدىلا تەبىئەت بىلەن تۇتاش ئىدى. ئەمما ئۆلار ئۇ روھنىڭ تەبىئەتكە مايىل گۈزەللىكنى قەدىرلەشنى ئۇقمىدى، نادانلىقنى تاشلىيالمىدى. روھ ئىجتىمائىي گۈزەللىككە، ئىزگۈ تەرەققىياتقا ئىنتىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىگە ئوخشاش مۇقەددەس بولالىشى ۋە تېگىشلىك قىممىتىنى يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆلارنىڭ كۆنۈكۈشچان روھى ئۆلارنى قاقاسلىقتا ئۆسۈشكە كۆنۈپ كەتكەن ياناتاقتەك مەزمۇت ۋە چىدامىلىق قىلىۋەتكەن. بىز بۇ روھنىڭ ئاددىيلىقى ۋە گۈزەللىكىنى قەدىرلەيمىز، لېكىن بۇ گۈزەللىكنىڭ كەمتۈكلىكىگە ئېچىنماي تۇرالمايمىز. بەزى ئادەمدىكى ئاددىي، ساددا روھنىڭ بەزى ئادەمدىكى مۇرەككەپ، ئەمما كۈچلۈك روھ ئالدىدا چېنىپ قالىدىغانلىقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىسپاتلانماقتا. روھ ئەسلىدە ھەممە ئادەمدە باراۋەر، ئوخشاش مەۋجۇت بولىدىغان نەرسە، ئەمما ئۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ كەتكەچكە (ھەر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا خاسلىققا ئىگە بولغاچقا)، شۇنىڭدە شۇ ئىجتىمائىيلىق ئىچىدە گويا ئاتوم زەررىچىلىرىدەك بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئاددىي، مۇرەككەپ، گۈزەل، قەبىھ ئېسىل، پەس، كۈچلۈك، ئاجىز... دەپ ئايرىيدىغان ئەھۋال تەبىئىيلا كېلىپ چىقتى. «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»نىڭ روھىي قىياپىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىغىنىمدا مۇقەررەر ھالدا ئۆز روھىي

ھالىتىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدىم. ئادەملەر روھىدا مۇتلەق ئۆتۈشۈش بولمىسىمۇ، ئازراق بولسىمۇ ئۆتۈشۈش، چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. يازغۇچىلارمۇ پەقەت شۇنىڭدىنلا پايدىلىنالايدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا يەنىلا ئۆزىنىڭ روھىي ماكانىغا قايتىپ كېتىدۇ...

## 1

راخمانىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى ئامىنە ئېھتىياتسىزلىقتىن لاي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن مەھەللىدە بىر مۇنچە ئۆلۈم ۋەقەلىرى بولدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ كەينى-كەينىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق ئۆلۈم-يېتىمدىن ھەيران بولۇشۇپ، خېلىغىچە ياقىسىنى تۇتۇشۇپ يۈرۈشتى. ئۈچ جانلىق بىر ئائىلە شۇنداق قىلىپ بۇ مەھەللىدىن پۈتۈنلەي يوقالدى، يەرلىرىمۇ مەھەللىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

روزى ئامىنەمنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل بالىلىق دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى، زۇلمەتلىك ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئامىنەمنىڭ روھى ئارقىلىق ئايدەك يورۇق بىلىنگەندى. ئۇنىڭ ئۆلۈكى سۇزۇۋېلىنغاندا مولمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخانغا بۇ دۇنيا گويا ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ تېگىدەك قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئۆز قىسمەتلىرىدىن قاقشاپ، ئۇزاققىچە يىغا-زارە قىلىشتى؛ بالىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۇزۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنى تىرىكچىلىك غېمىنى قىلىشقا باشلىدى؛ ئەما تۆنۈگۈنلا تېخى كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئوغلىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقۇلۇپ، مەڭگۈ كەلمەسكە كېتىشى ئۇلارنى ئازابلايتتى؛ ئۆيدىكى، ئېتىزدىكى ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى، باقىدىغان ئۇلاغلارنىڭ جىقلىقى ئۇلارغا بالىلىرىنىڭ قەدىر-

قىممىتىنى تونۇتۇپ تۇراتتى. ئىشقا تۆمۈردەك چىڭ ئالتۇنخانمۇ ئىشقا يېتىشىپ بولالماي قالسا دائىم كۆز يېشى قىلاتتى. ئېگىز قەددى قايغۇ-ئەلەمدىن يادەك ئېگىلگەن مولىمىناخۇن مەنپەئەت ھەققىدە بۇرۇنقىدەك ئەركىن خىيال قىلالمايتتى، ئەمما ئۇنى تاشلاپمۇ قويالمايتتى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى راخمانىنىڭ، خەلچىخاننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە باغلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سەۋەب-نەتىجە تېپىشقا ئۇرۇناتتى؛ بىراق ئۇلار بەربىر ئۆلۈپ كەتكەچكە، بەختى قارا رەھمەتلىكلەرنى قاغاپ يۈرۈشكە ئۇنىڭ ئاز-تولا ئىمان نۇرى چۈشكەن كۆڭلى كۆتەرمەيتتى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەقەلىرىنى ئاخىر يەنىلا خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىماقتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى قايتىدىن چۈشىنىپ قالدى، ئىمانى بۇرۇنقىدىن كۈچەيدى. بۇرۇنقىدەك سەھەر تۇرۇپ ئېتىزنى ۋە باغ-ۋاراننى چۆگىلەيدىغان، ئېغىل-قوتاندىكى ئۇلاغلارغا، ئۆگزىسىدىكى توخۇ-كەپتەرلەرگە قارايدىغان ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، سەھەردىلا ھېچنېمىگە قارىماي مەسچىتكە ماڭىدىغان بولدى.

قىش كىرىپ، ئېتىز ئىشلىرى خېلى سېلىكىپ قالغاندا مەسچىتكە نامازغا كېلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى؛ مولىمىناخۇن بەش ۋاق نامازغا ئېرىنىسىمۇ، سەھەرلىك بىر ۋاق نامازنى تاشلىماي ئوقۇپ كەلدى ھەم ئۆزىچە بۇنىمۇ تېخى ناھايىتى چوڭ تەقۋادارلىق ھېسابلىدى. ئالتۇنخان ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە تەقۋا مەزلۇمغا ئايلاندى، مۇسىبەت قايغۇسىنىڭ كۈچى ئۇلارنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويدى، بۇ ھالەت پۈتۈن قىش بويى داۋاملاشتى.

ئۇلارنىڭ ئۆيى “بالىسىزغا ئۆي مازار” دېگۈدەك بەك چۆلدەرەپ، غېرىبلىشىپ كەتمىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىشتى، كەڭ باغ-ۋارانلىق، مول تەئەللۇقاتلىق ئۆي ئۇلارنىڭ

مۇقەددەس مەنپەئەتـى ئـدى ھەم ئۇلارنـىڭ ئـش مەيلـنـى تارتـپ تـۇراتتى، مەھەللدىكلەرنىڭ تـرىكچلىكى ۋە ھەر بازار كۈنىدىكى قاينـام-تاشـقىنلىق ئۇلارنى رىئاللىقـقا باشلاپ تۇراتتى. شەك-شۈبھىسـىزكى، ئۇلارمـۇ ھەر قانـداق ئادەمگە ئوخشاش قايغۇ-ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنى ئـستەيتتى ھەم ئـۆز كـۆڭلىگە ئارام بېغىشلايدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى.

ئالتۇنخان ئەتـيـازدا بـر ئـاز ئاغرىقچـان بولـۇپ قالـدى، لـېكـن يەرلـىك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتـۋالدى. ئۇ خېلى پەملىك، چاققان خوتۇن بولغاچقا، مولـمـىناخۇنمۇ ئۇنىڭ سايىسىدا جېنىنـى گۇلـدەك بېقـپ، ياخشـى ياشـاپ ئۆگـنـپ كەتكەچـكە، بېشـغا كەلـگەن بـالا-قـازا ۋە ھەر خـل مۇشەققەتلەرگە خوتۇنى بىلەن تەڭ چىداشلىق بېرىپ، بالىلىرىدىن ئـايرىلىش ئازابىنى ئۇزاققا سۆرەپ يۈرمىدى.

ئەتـياز كېلىشى بىلەن مەھەللە گۈزەللىشىپ، ھەممە جانلىقلار جانلـنـپ كېتىشتى. ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئەگـز سـۇلار شـوخلـنـپ ئېقىشـقا باشـلىدى، دېھقـانلار كەتمىنىنـى كۆتـۈرۈپ ئېتىزلىققـا قەدەم تاشـلىدى، مولـمـىنـاخۇنمۇ خوتۇنى بىلەن تەڭ ئېتىزغا چىقىپ، يول بويىـدىكى دەرەخ بىخلىرىغـا، ئېرىـق بويىدىكى يېڭى ئوت-چۆپ ۋە ئېتـىزىدىكى مايسىلارغا قـاراپ كـۆڭلى-كۆكسـى يايراپ قالدى.



راخمانىنىڭ جىن ئۇۋۇلاپ قالغان ئۆيى قاراقسىز كېلىپ، بارغانچە سىرلىق،

قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. ئەسكى تامنىڭ چۈرىسىدىكى قاپاق تېرەكلەر، ياۋا ئۆرۈكلەر، يۈگمەچ ئوتلار چىرمىشىپ كەتكەن قويۇق چىتلار ياز كۈنلىرى كېلىشى بىلەنلا غۇژمەك بىر يېشىل سېپىل بولۇپ، قىشتا مازارلىقتا ئوخشاپ قالىدىغان ۋەيرانە ئۆينى چىرايلىق ئوراپ، گۈزەللەشتۈرۈپ ھەم سىرلىقلاشتۇرۇپ قويىدى. تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىكى چاشقانلار قىشچە قازناقتىكى تاش ئارىلاش بۇغدايلارنى ئىلغاپ يەپ تۈگىتىپ ، ياز كېلىشى بىلەنلا بۇغدايلار ساغىرىپ پىشۋاتقان ئېتىزلىقتا يۈگۈرۈشتى. ئۇ چاشقانلارنى ئەينى ۋاقىتتا راخمان ۋە خەلچىخان تىنىم تاپماي ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئاز قويغانىدى. ئۆي ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئەمدى بۇ چاشقانلار كۆپىيىپ ھەم يوغىناپ، ئۆلارنىڭ تېمىنى تېخمۇ چوڭ تېشىپ، قازناق ئۆيدە ئەركىن يورغىلاپ يۈرۈيدىغان، خالىغان چاغدا سىرتقا چىقىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ماكانىنى ئاۋاتلاشتۇرالايدىغان بولدى. بۇ يەرگە مەھەللىدىكىلەر كەمدىن كەم كېلەتتى. كۈندۈزى بەزىدە ئويناپ كېلىپ قالىدىغان باللارمۇ قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان بۇ يەردىن كېتەتتى.

ئۆمۈچۈك تورى باغلاپ كەتكەن ئىشىك- راملار، يامغۇر تېشىپ ئېچىلىپ قالغان تورۇسلار، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى، ھەتتا چىراي تۇرقىنى ئەسلىتىدىن ئاشۇ ئوچاق، مورا، سۇپىدىكى ئەسكى بورا، يوتقان يىغىدىغان تەكچە، تامدىكى قوزۇق، پۇچۇق قاپاق (بۇ ئەينى چاغدا خەلچىخان تۇز چىلايدىغان قاپاق ئىدى) قاتارلىق نەرسىلەر غېرىبانە تاشلىنىپ قالغانىدى، مەھەللىدىكىلەرمۇ ھاياتلىق ئۆچكەن بۇ قورقۇنچلۇق يەرگە كېلىشنى ۋە ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىتىدىغان بۇ قاباھەتلىك مەزىرىلەرنى كۆرۈشنى خالىمايتتى، كەلگەنلەرمۇ بىرەر زۆرۈرىيەتتىن كېلەتتى. مەسىلەن، بەزىلەر يازلىق ئالما

ئۆلـقى ئۆچۈن بەلگە كېسىۋالغىلى كېلەتتى، بەزىلەر ئوتـۇن ئىـزدەپ كېلەتتـى، ياز كېلىشى بىـلەن بـۇ يەرگە يـازلـىق ئالمـا يېگىلـى كېلـىدىغان بـالىلار ئـاۋۇپ كەتتى، ئۇلار بۇ بىر تـوپ ئالمـا دەرىخـىگە چىقىـۋېلىـپ يـاكى شـاخلارغا چالمـا ئېتىـپ ئەمدى پىشـقان ئـالمىلارنى قېقىـپ يەپ ھەممىنـى قورۇغـداپ قويـدى؛ ئالمىنىــڭ شـاخلىرى سۇندى، بەلگىلــرى چۈشـتى. شـۇنىڭدىن كېيـىن يەنە ھېچكىم بۇ يەرگە كېلىپ قويمىدى.

راخمان ھارام بولغان موزىيىنىڭ گۆشىنى كۆمـۈۋەتكەن يەردىـن شـۇنداق ئـۈزۈن، يـۇمران ئـوت-چـۆپلەر ئۆسـۈپ چىققانــدى، قاچانــدۇر بــىر چاغــدا بىرەيلەننىڭ كالىسى مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ قېلىپ، ئاشۇ ئوت-چۆپلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ سېلىپ، قورسىقى كۆپۈپ شۇ يەردىلا يېتىپ قالدى ھەم ھارام بولدى. مۇشـۇ ئىشـتىن كېيـىن ئـۇ يەرگە ھېچكىمـمۇ ئـۆلـقىنى يېقىـن يولاتمايـدىغان، ئـۇ يەردىـــن ھېچكىمــۇ ئــوت ئالمايـدىغان يــاكى شــاخ چاتمايدىغان، ھەتتا ياۋا ئـۆرۈكلەر پىشـىپ كەتسـىمۇ ھـېچكىم ئـۇنى بــىرەر چىشلەم يەپ قويۇشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ كەتتى.

**8**-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مەھەللىگە بىر يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى، ھەممە ئادەم ۋەھىمىـگە چۈشـتى. كىشـىلەر ئارىسـىدا"ۋابا تـارقىلىپتۇ، مـۇنچە ئـادەم ئۆلۈپتۇ، دوختۇرلارمۇ بۇ كېسەلنى داۋالىيالمايدىكەن" دېگەندەك قورقۇنچلـۇق گەپلەر تارقالدى، "ۋابا دېگەن نەپەس ئارقىلىقمۇ يـۇقىمىش، بۇرۇنمـۇ شـۇنداق كېسەل بىـلەن نۇرغـۇن ئـادەم بىـئەجەل ئۆلـۈپ كەتكەنمىـش" دېگەن گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تاراپ، ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكى بىلەن ئادەتتە ئـانچە كـارى يوق دېھقانلاردا تۇشمۇ تۇشتىن ئەنسىزلىك پەيدا قىلـدى، يەنە كېلىـپ ئارقـا-ئارقىدىن ئاغرىپ دوختۇرخانىغـا ئېلىـپ مېڭىلغـان كىشـىلەرنىڭ ھەم ئۆلـۈپ

كېتىۋاتقانلارنىڭ خەۋىرى بۇ ئەنسىزلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن تالاغا چىقمىدى، ئۆيدە ناماز ئوقۇيدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەچكە مەسچىتلەر بوش قالدى، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئاقساپ، بازارلاردىمۇ ئادەملەر شالاڭلاپ، ھەممە ياقنى ۋەھىمە قاپلىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا كېسەلنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ، كېسەلنى بايقاش ھەم داۋالاشقا كۆپلەپ ئادەم ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى تىزگىنلەشكە ئاتلاندى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ۋابا كېسىلى ئەمەس بەلكى يېمەك-ئىچمەكتىن يۇقىدىغان يۇقۇملۇق ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ، بۇنداق بولۇشى ئاساسەن ئىچىملىك سۇنىڭ پاكىز بولماسلىقىدىن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت كەسكىن چارە قوللىنىپ، بازاردا يېمەك-ئىچمەك سودىسىنى دەرھال توختاتتى. ھەر بىر مەھەللىگە بىردىن سۇ كۆلچىكى ياساشنى، ھەر بىر ئائىلىگە بىردىن ياخشى ھاجەتخانا سېلىشنى بۇيرۇدى. ھەر بىر كەنت، مەھەللە كادىرلىرى باشقا ئىشلىرىنى قويۇپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن يېزا بويىچە كۆلچەك ۋە ھاجەتخانىنىڭ ئۆلچەملىك پۈتكەن-پۈتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈۋالىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلدى.

ئالتۇنخان ئاشۇ يۇقۇملۇق مەرەزنىڭ ئۆزىگە يۇقۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ شۇ ھەقتىكى گەپلەر چىقىشقا باشلىغاندا ئانچە كۆڭۈلشىمىگەن، ئۆستەڭ يىراق بولسىمۇ ئۇنىڭ لاي سۈيىنى سۈزۈلدۈرۈپ، ئاشقا قۇيۇپ ئىچىپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ مەھەللىدىنمۇ ئونغا يېقىن ئادەم دوختۇرخانىغا يوللاندى، ئىككەيلەن ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ

بىلەن مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرىگە قەدىناس بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە تۇنجى قېتىم شەك كەلتۈرۈشتى. ئۇلار ئارىسىدا"بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىنى بويىدىكى خەقلەر ئۆستەڭ بويىدا كىر يۇيۇپ، كىر-يۇندىلىرىنى مۇشۇ ئۆستەڭگە تۆكۈۋەرگەچكە، ئايىغىدىكى خەقلەر بۇنى بىلمەي مەينەت سۇنى ئىچىۋېرىپ ئۆزىگە مۇشۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانمىش" دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى، بۇ گەپلەر راست ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى كۆڭۈللىرىدە ھالاللاپ، چىلەكلىرىدە سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇ سۇدىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەنلەر ئۆيلىرىدە تاماقمۇ ئەتمەي، بېغىدىكى مېۋە-چېۋىلەر، قاتتىق قۇرۇق نانلار بىلەن قورسىقىنى گوللىدى. ئەمما ئۇلار ئىسسىقسىز قېلىۋېرىشكە چىدىمىدى. سۇ ئۇلارغا تومۇرىدىكى قاندەكلا مۇھىم ئىدى. كۆلچەك پۈتۈپ بولغىچە لاي ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچمەي ئامال يوق ئىدى.

كۆلچەك ياساش ھاشىرىغا مەھەللىدىكى ھەممە ئەزالار ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى، ئەمما ھاجەتخانا سېلىشنى، يەنە كېلىپ تۆت تەرىپى پۇختا ئېتىلگەن، ئۈستى يېپىلغان،گەندە ئورىكى چوڭقۇر بولغان، ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشىكى بولغان ئۆلچەملىك ھاجەتخانا سېلىشنى تولىمۇ تەس كۆرۈپ، ھورۇنلۇق قىلىشتى. مەھەللە باشلىقى شۇنچىلىك مۇھىم بىر ئىشنىڭمۇ بۇ ئەزالارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ بۇ ھەقتە مەخسۇس مەجلىس ئاچتى:

ــ سىلەر بۇ ئىشنى ئۇنداق سەل چاغلىماڭلار، مەن قاراپ باقتىم، ھازىرقى ھاجەتخاناڭلار ئۆلچەمگە ھەرگىز توشمايدۇ! ماڭا مەلۇم، ھەممىڭلار بىر كارىزنى كولاپلا ئۈستىگە ئىككى تال بادرىنى قويۇپ، ھاجەتخانا قىلىۋالغان؛

قارىسا كارىز پوقىقا توشۇپ كەتكەن،گەندە يا  تارتىلمىغان؛ چىۋىنلار ئۇلىشىپ، قۇرتلار قىملدىشىپ يۈرگەن! مۇشۇنداق پاسكىنا يەردە تەرەت قىلساڭلار كېسەل يۇقماي قالامدۇ؟! خەنزۇ يولداشلاردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلار نەگە بېرىپ قۇرۇلۇش قىلسا ئاۋۋال بىر ئوبدان ھاجەتخانا سالىدۇ. بىزدە مۇشۇ ئىشقا سەل قارايدىغان ئادەت بەك يامان. ھاجەتخانىسىنىڭ تايىنى يوق، ئېغىل-قوتانغا، قوناقلىققا بېرىپ تەرەت قىلىدىغانلار، قەغەز تاپالماي چامىدا پوق ئېتىدىغانلار ھېلىمۇ بار. گېپىمگە كۈلمەي ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. يۇقۇملۇق كېسەل يەنە تارقىلىدۇ. بۇ نەپەستىن يۇقىدىغان كېسەل ئەمەس، سۇدىن، مەينەت نەرسىدىن، ھاجەتخانىدىن يۇقىدىغان كېسەل! يەنە دەپ قوياي، كۆلچەكنى تېز پۈتتۈرەيلى، ھاجەتخانىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆلچەملىك سېلىپ بولايلى!

3

مولىمىناخۇن بېغىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كونا ھاجەتخانىسىنىڭ گەندىسىنى بىر كۈندە ئاران تارتىپ بولدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ پاسكىنا ئىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتى يەنىلا ئوغۇت چىقىرىش ئىدى.

ئالتۇنخان ھويلىسىدىكى كارىۋاتتا بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چېگىپ، قورساق ئاغرىقىغا چىداپ ياتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىدە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بايقىغان چاغدا ئۆزى بىلىدىغان داۋالاش چارىلىرىنى قوللىنىپ چامغۇر ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئىچىپ باقتى، قارا پۇرچاقنى گۈرۈچ بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ باقتى، تۇز دەملەپ ئىچىپ باقتى، تېۋىپلارغىمۇ كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ

كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۇزۇم غورىسىنى ئېزىپ ئىچىپ باقتى، ئەمما ھېچقايسىسى مەنپەئەت قىلمىدى.

مولىمىناخۇن كەچتە ئىشىنى تۈگىتىپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ساغىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ چۆچىدى:

— يەنە تولغاق تۇتتۇۋاتامدا!؟

— ئىچىم ئاچچىق سۇرۇپلا تۇرىدۇ، يا بىر نېمە كەلمەيدۇ.-دېدى ئالتۇنخان زەئىپ ئاۋازدا.- پۇت-قولۇمدا ھېچ جان يوق، ھېلىقى كېسەلنىڭ چاپلاشقىنى راست ئوخشايدۇ...

— ئەمدى سىلىنى دوختۇرغا ئاپارمىساق بولمىدى!

— ھازىرغۇ ئانچە ئەمەس، ئەتىگىچە ياخشىلىنىپ قالارمەنمىكىن...

— ھالىڭلا بەك بوش بولسا ئوچۇق دەڭلا، ئەتىگە قالمايلى.-دېدى مولىمىناخۇن ئەنسىرەپ.

— قورققۇدەك ئىش يوق، قېنى ئەتە بىر تاڭ ئاتسۇن.

— بىخۇدلۇق قىلمايلى دەيمەن. ئىچىڭلىگە كىرىپ چىققىلى بولمىغاندىكىن ، كېسىلىڭلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزەڭلا بىلمىسەڭلا، مەن ئۇقۇپ بولالمايمەن، ئەمما ئۆزەڭلىنى دەڭسەپ ئىش قىلىڭلا، جان دېگەنگە ئويناشقىلى بولمايدۇ!

— ئەنسىرىمەڭلا، خۇدايىم جان دېسە بەندە ئاغرىمايمۇ جان بېرىدۇ. ئاخشاملىقتا ئۆزگىرىپ قالمىساملا ئەتىلىككە بىر گەپ بولار...

— مەيلى ئەمىسە، ئىختىيار ئۆزەڭلىدە...

— كەچتە يەنە ئىسسىقسىز قالدىغان بولدۇڭلا، ئىشكاپتا نان بار، چاي قاينىتىدىغان سۇمۇ يوق، ئۆرۈك بىلەن يەپ تۇرۇڭلا.

— ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۈيى مەينەت بولۇۋەرمەس، مەن بىرىپ سۇ ئەكىلەي،- مولىمىناخۇن چىلەككە قاراپ ماڭدى.

— بىر ئىككى كۈن چىدايلى،-دېدى ئالتۇنخان ياستۇقتىن بېشىنى تەستە كۆتىرىپ.

مولىمىناخۇن تۇرۇپ قالدى، چىلەكنى قويۇپ ئۆزىچە غۇدۇڭشىپ قويدى:

— ئۆستەڭ بويىدىكىلەرمۇ ئۆستەڭ سۈيىنى ئىچمەي، قوشنا مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ ئەكىلىپ ئىچىدىكەن.

— بىزمۇ ئەكەلسەك بولامدىكەن؟

— ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيى خېلى يىراقمىش، سۇنى هارۋا بىلەن تۇڭدا توشۇيدىغان گەپكەن.

— بىرەر تەڭ ئەكىلىپ تۇرامسىلە يا؟!

— ئۇ ئادەممۇ تېخى ئۇ سۇنى ئاسانلىقچە بەرمەيدۇ دەڭلا!-دېدى مولىمىناخۇن گويا ئۇ ئادەمنى ياخشى چۈشىدىغاندەك.

— ھەممە خەق سۇ دەپ بىرىۋالسا شۇنداق قىلىسىمۇ قىلغاندۇ....دېدى ئالتۇنخان. ئۇنىڭ ئىگىرىغاندەك بوش ئاۋازىنى مولىمىناخۇن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاندى، ئالتۇنخانمۇ بۇنداق قاتتىق ئاغرىپ باقمىغاندى.

مولىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— بىر قۇدۇق كولايلى دەپ يا كولاپ بولالمىدۇق، لاي ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەردۇق. قېرىغاندا ئەمدى ئەپكەش كۆتىرىپ، مۈكچىيىپ يۈرمىسەك بولاتتى. بىر قۇدۇق كولىۋالساق ئۆلگىچە ئىشلىتەلەيتتۇق، پاكىز، سۈزۈك سۇ ئىچەلەيتتۇق، ئۆلاغلارنىمۇ شۇنىڭدا سۇغۇرالايتتۇق....ھەي، قېرىغاندا قۇدۇق كولاشمۇ ئادەمگە ئېغىر كېلىدۇ، ھورۇنلۇق قىلمىساققۇ بىر

گەپ بولاتتى. لېكىن بۇ يەردىن قۇدۇق كولىغانغا سۇ چىقامدۇ- چىقمامدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، مەھەللىدىن بىرەرسى يا كولاپ باقمىدى. ھۆكۈمەت خەقنى كۆلچەك كولا دېگۇچە ھەممىڭ قۇدۇق كولا دېگەن بولسىمۇ خەق كولاپ باقاتتى. كۆلچەك، كۆلچەك دېگەن بىلەن كۆلچەكنىڭ سۈيىنىمۇ شۇ لاي سۇدىن سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىدىغان گەپ. ئاڭلىسام ئۇ سۇغا دورا چاچارمىش، خەقلەر تۇغماسنىڭ دورىسى دەپ يۈرۈيدۇ، ئۇنداقتا تېخىمۇ ئىچكىلى بولمايدۇ دەڭلا! قاراپ تۇرۇڭلا، شۇ كۆلچەككە ئۇششاق باللار سىيىپ، پوقىنى تاشلاپ قويسا ياكى ئىت چىچىپ قويسا كىم كۆرىدۇ، توختام سۇدەك مەينەت نېمە نەدە بار؟! كۆلچەكنىڭ چۆرىسىنى ئېتىمىز دەيدۇ، رىشاتكىلىق تام قويۇپ، ئاران بىر ئىشىك بېكىتكۈدەك، ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى مەھەللە باشلىقى تۇتقىدەك. ھەممىسى ئۇسۇرۇققا تەڭ! ھەر قانچە قىلسىمۇ توختام سۇ دېگەن ئىچىدىنلا سېسىيدۇ. سۇ يەڭگۈشلىسىمۇ بۇ سېسىمچىلىق تۈگىمەيدۇ. سۇدا ئېقىپ كەلگەن قۇرت-قۇڭغۇزلار شۇ كارىزدا ماكانلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم يەڭگۈشلىنىدىغان سۇ نەدە، ئۇنى كىم باشلاپ كېلىدۇ؟ ئادەمغۇ بەلگىلە، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، سۇ باشلاپ كېلىشنىغۇ كېلە، ئۇ سۇ ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىدۇ، ئېرىق دېگەندە ئات-كالىنىڭ پوقىمۇ، ئىت-مۈشۈكنىڭ پوقىمۇ، ئادەمنىڭ پوقىمۇ بولىدۇ، ھېچكىم ئۇ سۇنى ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ. لاي سۇ تىنىپ ئىسسىقتا بىر سېسىغىلى تۇرسا، ئادەم تۇرماق ئۇلاغلارمۇ ئۇ سۇغا تۇمشۇقىنى تىقالمايدۇ. كېيىنچە سۇنىڭ لېيى قالىدۇ، كۆلمەنچەك تېيىزلاپ، ئاخىر تىنىپ كېتىدۇ. توسما تامنىڭ كېسەكلىرىنى، رىشاتكىلىرىنى خەقلەر ئۆيلىرىگە ئوغرىلاپ ئەكىتىدۇ. ھۆكۈمەت تاپقان بۇنداق گېجىك ئىشلارنى، خەقلەرنىڭ ھە دەپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى

قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟!....

ئالتۇنخان ئەپكەش كۆتۈرۈۋالغان مولىمىناخۇنىنىڭ مەيلى نىمە بولسام مەيلى، ئۆستەڭنىڭ ئىقىن سۈيىنى ئىچىمەن، ھېچ بولمىسا ئۇلاغلارنى سۇغىرىمەن دېگەن گېپىنى گاراڭلىقتا ئاڭلىدى، بېشى تۇگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئازابى ئۇنىڭ كۆزىدە ئەڭ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئادەم ئازابقا ئامالسىز، ئارانلا چىدايدۇكى، ھېچنېمىگە ھېرىسمەنلىك قىلالمايدۇ، ساغلام چاغدىكى دۇنيا ھەۋىسى ۋە كۆڭۈل خوشلۇقى كېسەللىكتىكى ئاغرىقنىڭ دەھشىتىدە تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. ئالتۇنخان ئالتۇن دەۋرلىرىنى تېمەن ئۆتكۈزگەندى؛“ئاغرىماي بىر ئاغرىغان ئادەم ئاسانلا خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن” دەپ ئويلايتتى ئۇ قىززىپ كېتىۋاتقان بېشى ھەم كۆپۈپ ئاغرىۋاتقان قورسىقىنى سىلاپ،“ساقىيىپ كېتەلەرمەنمۇ، يەر دەسسەپ ماڭىدىغان، تاماقنى ئوبدان يەيدىغان، تەرەت ئوبدان كېلىدىغان كۈنلىرىممۇ كېلەرمۇ؟!” بىراق شۇ كۈن كەلسە ئۇ يەنە بۇ ئاغرىقلىرىنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەسلەپمۇ ئەسلەپ بولالمايدۇ، تاكى يەنە قاتتىق ئاغرىمىغىچىلىك ئۇنىڭ دەھشىتىنى قايتا ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ئۆتكۈنچى ھېسسىياتلارغا تولغان ھاياتلىقنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تەمىنى تېتىماي كەتكەن ئادەممۇ بولامدۇ؟ “ئاھ خۇدا! ” دەپ ھالسىز ئاھ ئۇرغان بىچار ئادەمنىڭ كېسەللىك ۋە سەكراتتىكى ھەسرەتلىك نىداسى ئۇنىڭ ساق ۋاقتىدىكى ھەددە-ھېسابسىز تەلۋە چۇقانلىرىنى ئاخىرى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئالتۇنخان قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي سۇپىدا يۇملىنىپ كەتتى. خەلچىخانمۇ بىر چاغدا توي كېچىسىنى ئەسلەپ، راخمانىنى كۈتۈپ تولغىنىپ،

سۇپىدا يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ يۇملىنىپ كەتكەندى. تەننىڭ زۇلۇمغا چىدىمىغان روھىنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىنى شۇ ئازابلىق تەننىڭ يۇملىنىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالتۇنخان بىر دەم يۇملىنىپ باقتى، بىر دەم بېلىنى يۆلەپ قوزغۇلۇپ باقتى، ئۇ ياق-بۇياققا قىڭغىيىپ، جېنى ئارام تاپىدىغان، راھەتلىنىدىغان بىر ھالەتكە ئۆلگۈدەك تەشنا بولۇپ كەتتى؛ ئۇسساپ گاللىرى قۇرۇپ كەتتى. قوپۇپ ماڭاي دېدى، ئەمما بېشى توختىماي ئاغرىپ تۇرغاچقا، يەنە شۇ ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، خۇدانى سېغىنىپ، سۇرە ئوقۇپ ياتتى.

ئۇ شۇ تاپتا كۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ يۇمۇلۇپ كېتىشىگە ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى؛ خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا كۆزىنى ئوچۇق قويسىمۇ ئاسماننى قارا كىگىزدەك توسۇپ تۇرغان ئۆزۈم بارىڭىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ شۇ پېتى يېتىپ مۈگدەشكە باشلىدى، ئۇيقۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى مەستخۇش قىلىپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئانچە-مۇنچە قۇتۇلدۇردى؛ ئۇيقۇ ئۇنىڭ بېشىنى تاشتەك ئېغىرلىقتىن بۇلۇتتەك يېنىكلىككە سۆرىدى. ئۇ چۈش كۆرۈشكە باشلىدى، تەن ئازابىدىن قاچقان روھى ئۆزىنىڭ خالىغان مەنزىلىدە سەير قىلىشقا باشلىدى، ئەنە ئۇ روھ ئايلىنىپ بېرىپ راخماننىڭ جىن ئۇۋۇلاپ قالغان ئۆيىنى تاپتى: خەلچىخان بىر كورا ئېچىغان پولونى كۆتۈرۈپ، راخماننى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، قىزىنى ئالدىغا سېلىپ مولمىناخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىكى مۇنچاقتەك تەرلەر كىرلەشكەن بويىنىغا ساقىپ چۈشۈۋاتاتتى؛ قىزىنىڭ قولىدا يېرىم چىشلەنگەن ئالما، يەنە بىر قولىدا ئوتىغۇچ بار ئىدى، راخماننىڭ دولىسىدا بىسى قايرىلىپ كەتكەن بىر كەتمەن تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ

ئـچكـرىلەپ، قـزغۇچ ساقاللىرى تـكەندەك تـرتـيـپ چـققانـدى. ئۇلار دەرۋازا تــۇۋىگە كەلگەنــدە راخمــان:"مەن كـــرمەي، ســـلە كـرــپ چـقـڭـلا " دېـدى. خەلچـخان:"ھېلى بـرەر ئـش بولسا سلـنى چـاقـرىمەن" دېـدى. خەلچـخـان پاپپاسلاپ كەلگـــنـچە كـورىنـى سـۇپىدا ياتقـان ئالتۇنخانىنـڭ بېشـدا دوققـــدە قويدى. ئالتۇنخان غەزەپتـن تېخـمۇ قارىداپ كەتكەن خەلچـخاننىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈپ كەتتى،"مولـمـناخۇن نېمـشقا تېخـچە كەلمەيدىغاندۇ، ئـت نېمـشـقا قاۋىمايدىغانــدۇ، خەلچـخــان بولغــان يەردە بــالام تۇراقجـان، مـاۋۇ چـرايلــق جـنـتـەك بولغان يەردە كەنجى قوزام روزاخۇن بولۇشى كېرەك ئـدى، ئۇلار مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە كەتكەندۇ؟" دەپ ئويلاپ ھەيرانلـقـى ئاشـتى، قوپـۇپ بــر نەرسە دەي دېدى، لېكـن ئـاغزىنى ئاچالمــدى، زۇۋانىــى ھەر قـانچە قـلـپـمـۇ چـقـرالمـدى، گەجگـسى ياستۇقـقا تارتـشــپ، بېشـى تېنـى بـــلەن قوشـۇلـۇپ تېگى يوق ھاڭغا چۆشـۈپ كېتـۋاتقانـدەك بولـدى. خەلچـخـان ئۇنـڭ بېشــدا ئۇنـڭغـا مـقــتەك قادىلــپ تــۇراتتى. راخمـــانمۇ دەرۋازدا تۇۋىــدە كەتمىنىنـــى دېـۋەيلەپ تـۇراتتى. خەلچـخـان:" ئالتۇنخــان، ئـۆزلـرىنى ئاغرـــپ قــاپتۇ دەپ ئاڭلاپ ئالاھــدە ئاش ئېتـپ يوقلاپ كەلدىم" دېدى. قورقۇنچتـن ئالتۇنخاننىڭ يۈرىكى پۇلاڭلاپ كەتتى،"ھويلامدىن چـق! " دېمەكچـى بولســمۇ، زۇۋانىـــى چـقـرالماي خـقـراپ قالدى. ئاڭغـچە راخمان ھويلـدىكى قوتانـدا سـولاقلىق، ھــارۋا قاتسـا بولــدىغان بـۇقـنى سـۆرەپ ماڭـدى؛ ئالتۇنخــان چـدىيالمـــدى ، مولـمـناخۇن چاققان كېلـپ بۇلارنىڭ ئەدىـۋىنى بەرسـە بـولاتتى دەپ بـتــاقەت بولــۇپ، ئۇنـــڭ ئـســمنى چاقـرـــپ، يەنە ئـاۋازىنى چـقـرالمـاي قـينىلـــپ تـپـرلاپ كەتتى...

ئۆســتەڭدىن ســۇ ئەكـلـــپ ئەپكەشـــنى قويــۇپ تۇرغــان مولـمـنـــاخۇن

ئالتۇنخاننىڭ ئىگراۋاتقانلىقىنى، بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى.

## 4

مەھەللىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كولىنىۋاتقان كۆلچەك ئاساسەن پۈتەي دەپ قالدى، ئەزالار بۇ ئىشنى ھاشارنىڭ ئورنىدىلا قىلدى. كولىنىپ بولغان كۆلچەكنىڭ چۆرىسى رىشاتكىلىق تام بىلەن ئېتىلدى. رىشاتكىلار تېخى يېشىل سىر بىلەن كۆركەم سىرلاندى. مەھەللە باشلىقى ئۆزى باش بولۇپ كۆلچەككە سۇ باشلاپ كەلدى ۋە كۆلچەككە كىرىدىغان ئىشكىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى مەخسۇس ساقلىدى. ئەمما ھېچكىم بۇ كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچمىدى؛ تۇنجى قېتىم قۇيۇلغان سۇ قاغجىراق يەرگە تېزلا سىڭىپ كەتتى. كېيىن يەنە سۇ قويغاندا تۇرۇپ قالغان توختام سۇ ئىككى-ئۈچ سائەتلا ساقلىنىپ، كۈندۈزى ئىسسىقتا پارلىنىپ، كېچىسى يەرگە سىڭىپ ئازلاپ قالدى. ئەگەر سۈزۈلگەن سۇغا چىلەك تاشلانسىلا چۆكە-چۆكمەيلا سۇلار دۇغلىنىپ كېتەتتى؛ سۇ ئىچىدىن چاۋا-چاتقاللار، پاخال سامانلار ھەتتا تېزەك پارچىلىرى بىر-بىرە كۆرۈنۈپ قالاتتى.

كۆلچەك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى كۆلچەكتە ئىككى ئۆلۈك چاشقان بايقالدى، بۇ گەپ تېزلىكتە تاراپ، كۆلچەكنىڭ كۇرسىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈۋەتتى؛ خەقلەر“ھېلىمۇ شۇ سۇنى ئىچىپ سالامەتكەنمىز، ئەقلىمىزنى بۇلغىمايلى” دېيىشىپ، يەنىلا ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۈيىنى ئىچىشكە باشلىدى.

ھاجەتخانىلارمۇ ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈلدى، بىر نەچچە ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسى ئۆلچەمگە توشمىغان ھېسابلىنىپ، قايتا سېلىنىشقا بۇيرۇلدى، شۇ قاتاردا مولىمىناخۇننىڭ ھاجەتخانىسىمۇ بار ئىدى."ھاجەتخانىنى خەق ماڭىدىغان يولدىن يىراق سېلىڭلار" دېسە، مولىمىناخۇن يول بويىدىكى كونا ھاجەتخانىسىنىڭ ئورنىغىلا يەنە يېڭىدىن ھاجەتخانا سېلىۋالغانىدى. مەھەللە باشلىقى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئاچچىقىنى چىقاردى:

ــ بۇ نېمە قىلىق مولىمىناخۇن، خەقنىمۇ ئانچە-مۇنچە ئويلاپ قويۇڭلا!

ــ ھاجەتخانامنىڭ بۇرۇنقى جايى مۇشۇ!

ــ شۇنچە كەڭ تېمىڭلا تۇرۇپ باشقا يەردىن دوپپاڭلىدەك جاي چىقمىدىما؟!

ــ چىقسا سالامدىم...

ــ نەچچە ۋاقتىن يولنى پوق پۇرىتىپ كەلدىڭلا، گەپ قىلمىدۇق! خەقنە كېسەل يۇقسا مەسئۇلىيەت سىلىگە ئارتىلىدۇ مەن دەپ قوياي، يۇقىرىدىن باشلىقلار كەلسە سىلىنى تۇتۇپ بېرىمەن، خەقنە پوقۇڭلىنى پۇراتماي ھاجەتخاناڭلىنى دەرھال ئېچىگە تارتىڭلا!...

ــ ئالتۇنخان كېسەل، دوختۇرخانىغا بارمىسام تېخى، باللار يوق... يېتىشىپ بولالمايمەن...

ــ شۇڭا دەيمەن، سىلىگىمۇ كېلىدۇ ئەنە، موشۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىدىن 16ئادەم دوختۇرخانىغا يوللاندى، ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. بۇنى نېمىشقا ئويلىمايسىلە؟! ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي...ھۆكۈمەت سىلىنى يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، ھەر قانداق بانايى سەۋەپ بىلەن بۇ ئىشنى ئاقسىتىپ قويساڭلا بولمايدۇ، مەن دەپ قوياي، ئەمدى قۇرۇق بانا قىلماڭلا، بىر كۈندە

قىلىپ بولىسىلە، بۇ مەھەللىدە سىلىدەك چاققان ئادەم يوق!-مەھەللە باشلىقى قاپاقنى تۈرۈپ كېتىپ قالدى.

مولىمىناخۇن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئاقماس ئىشلىرىنى قاغاپ، ئەمما ئەمەلدارلارغا بويسۇنمىسا ئۆزىگە بەربىر ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ھاجەتخانىسىغا قاراپ ئىچى ئاچچىققا تولدى.

مولىمىناخۇن كۈندۈزى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالتۇنخاننى بىرەر ۋاق يوقلاپ، قالغان ۋاقىتتا ھاجەتخانىسىنى قوي قوتىنىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ سالدى، خۇسۇسىي ئىشى بولغاچقا ھەر ھالدا ياخشى ئىشلەپ پۈتتۈردى، بۇ ھاجەتخانىنىڭ تېمىمۇ خۇددى مولىمىناخۇننىڭ كەينى تېمىدەك ئۈستىگە يۇقىرىلىغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى. مەھەللە باشلىقى كۆرۈپ مەسخىرىلىك كۈلدى، بوپتۇ دېدى.

5

كۆلچەك ئاخىر تاشلىنىپ قالدى، ئەمما خەقلەر ھاجەتخانىسىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشتى. مولىمىناخۇنمۇ ئۆزى سالغان ھاجەتخانىدا ھوزۇرلۇنۇپ ئولتۇرۇپ،“ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئەسلىدە ئوبدان قىپتىكەن، بۇ نەدىمۇ گىجىڭ ئىش بولسۇن، ئەسلىدە ئوبدان ئىش ئىكەن” دەپ ئويلىدى.

ئالتۇنخاننىڭ كېسىلى يەنىلا بىر خىل تۇراتتى. يېزىلىق دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەرنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇراتتى. يېزىلىق دوختۇرخانىغا يېڭى كېسەللەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى، دوختۇرخانىنىڭ ياتاقلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، دوختۇرخانا ھويلىسىغا كارىۋات قويۇلدى، بۇ كارىۋاتقىمۇ ئورۇنلىشالمىغان كېسەللەر يەردە

ياتقۇزۇلدى.

ئالتۇنخان ئورۇۋقلاپ، قىزغۇچ مەشىزلىرى كۆز ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنى يوقلاپ بارغان مولىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ خەتەرلىك كېسەلنىڭ يامانلىقىنى ئەمدى تونۇغاندەك بولدى:

ــ ئاشلىسام بەزىلەر ساقىيىپ چىقىپتۇ، سىلىنىڭ نېمىشقا ساقايمايدۇ؟ دوختۇرلار زادى نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

ــ دوختۇرلار ئۇبدان قاراۋاتىدۇ، ئاسمىكۇلنى كۇندە بېرىدۇ، تاشەي، ھېچ پايدا قىلغاندەك ئەمەس. ئەتىگەندە ئۇلار يەنە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ،"بۇ بولماپتۇ، سىلىنى ناھىيىگە يۆتكىمىسەك بولمىغۇدەك" دېيىشتى. يۆتكىسىمۇ يۆتكىسە، پاتراق ئۇشىشلىپ كەتسەم بولاتتى،-دېدى ئالتۇنخان ئىنجىقلاپ.

ــ بولسا شۇنداق قىلسۇنا ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا !ھۆكۈمەت داۋالاپ ساقايتامدىكەن؟!

ــ تاڭ، ئۇقمىدىم...

ــ جان كۈچ كەلگەندە بىزمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايلى، ھۆكۈمەتمۇ قاراپ تۇرماس،-دېدى مولىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ ساغرىپ قالغان كۆزىگە قاراپ قورقۇپ.

ــ ۋاي جېنىمەي، ئۇھ.. ئەجەپمۇ قىينىلىپ كەتتىم، پۇل تاپتۇق دەيمىز، پۇلنى مۇشۇنداق يەردە خەجلىمەي قانداق قىلىمىز، ئۆيلەيدىغان بالاشلارمۇ قالمىدى....-ئالتۇنخانىنىڭ چىرايى ئازابلىق قورۇلۇپ كەتتى.

ــ خۇدادىن قازا كەلسە بەندە غىلڭ قىلالمايدۇ، ئەمما سىلىدەك ئاغرىققا سەۋەب قىلىش كېرەك،-دېدى مولىمىناخۇن ئالتۇنخانىنىڭ ياداپ كەتكەن قولىنى

تۇتۇپ.

ــ ناماز ئوقۇۋاتامسىلە؟!...

ــ ھە... ئوقۇۋاتىمەن، ھەر نامىزىمدا سىلىگە خۇدادىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.

ــ ئوقـۇپ تـۇرۇڭلا، مەسـچىتكە چىقىڭـلا، مەنمـۇ كېسـەلجان تـۇرۇپ ئوقـۇۋاتىمەن. خـۇدايىم سـىلىنى ھەرگـىز بـۇ كېسـەلگە قويمىغـاي، ئۆسـتەڭ سۈيىنى پاكىز سۈزۈلدۈرۈ پ، قازاندا تازا قاينىتىپ ئىچىشنى ھەرگـىز ئۇنتـۇپ قالماڭلا، ئۇلاغلارنىمۇ ئۇسسۇز قويماڭلا...

ــ ماقۇل، ئەنسىرىمەڭلا، خۇدايىم ساقلا ھاي!

مولىمىنـاخۇن ئالتۇنخانغـا ئـۆزى ئەتـكەن پولـودىن ئالغـاچ كەلگەنـدى، ئالتۇنخان ئاشتىن ئەمدى بىر قوشۇق يەي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ كېسىلىنى يەنە تەكشۈرۈشكە كەلگەن قاپىقى يامان دوختۇر بۇنى كۆرۈپ چىچىلىپ كەتتى:

ــ كېسـەللىرى نېمىشـقا سـاقايمايدىكىن دېسـەم، ئەسـلىدە مۇنـداق ئىشكەن-دە! بىز كېسەللىرىنى ساقايتالماي ئاۋارە، سىلە بىر كېسەلنى ئىككى قىلالماي ئاۋارە، قويسىلا قاچىنى! ھوي ئاكا، قـاچىنى يىغىشـتۇرۇپ بـۇ يەردىـن كەتسىلە ، ئۆزلىرىگە كېسەل يۇقتۇراي دەملا- يا؟! كېسەلگە تاماق ئەكىلىشكە، كېسـەلنىڭ يېنىـدا ئـۇزاق تۇرۇشـقا بولمايـدۇ دەپ قاچـانغىچە دەيمىـز؟ گەپ ئۇقمايدىغان قانداق بەغەرەز خەقتۇ بۇ؟!

ــ ئۇكـامدي، مەن بـۇ ئاشـقا پـاكىز سـۇنى قويـۇپ ئەتـكەن، ئېشـەك سـۈيدۈكىنى قوشـۇپ قويمىغـان!-دېـدى مولىمىنـاخۇن ئۇشـتۇمتۇت غەزەبلىنىــپ،- ئاغرىققــا ئــاش بەرســە نــېمە بوپتــۇ؟ ھەقاســڭلار سـۇيۇق شوۋگۈرۈچتىن باشقىنى بەرمەيدىكەنسىلەر، مۇشـۇنداق قىلساڭلار ئـۇ قانـداق

ساقىيدۇ؟

ــ كېتىڭ دېگەندىكىن كېتىڭ، سىز بىلەن تاكاللىشىدىغان چولام يوق، شۇ تاپتا كېسەللەر بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ!

ــ ماقۇل دەپ قايتىپ تۇرۇڭلا.ـدېدى ئالتۇنخان ئېرىگە مۆڭلىنىپ قاراپ،ـئەمدى ماڭا ئاش ئەكەلمەڭلا، مەندىن ئەنسىرىمىسەڭلامۇ بولىدۇ.

ئالتۇنخاننىڭ بۇ گەپلىرى مولىمىناخۇنغا خۇددى سىلە ماڭا ئەمدى لازىم ئەمەس، يېنىمغا كەلمىسەڭلامۇ بولىدۇ دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى. مولىمىناخۇن ئارتۇق گەپ قىلماي، ملڭ جاپادا ئېتىپ خوتۇنىغا يېگۈزەلمىگەن پولوسىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىدىن ئەلەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

**6**

يازنىڭ ئەلۋەك كۈنلىرىدە دېھقانلار يەنىلا ساغلام ئىدى، ئۇچەي سۈرگىسى دېگەن بۇرۇنقى ھەقىقىي ۋابا، چۇما كېسىلىگە باققاندا ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى، مۇۋاپىق قوغدانسا ۋە داۋالانسا ساقىيىپ كېتەتتى. مەھەللىدىكىلەر كۈندۈزى ئاپتاپتا ئىشلەپ ئۇسساپ كەتسە ئىلاجىنىڭ بېرىچە قوغۇن تاۋۇز، قېتىق ياكى تولۇق قاينىتىلغان سۇ بىلەن تەشنالىقىنى باساتتى، پەقەت بولمىغاندا يەنە ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۇيىنى سۈزۈلدۈرە-سۈزۈلدۈرمەيلا ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى. تېخى نامەلۇم كېسەل ۋە بالا-قازانىڭ ۋەھىمىلىرىدىن كۆرە، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەپسىنى ئالدىرىتىپ، كۆڭۈل تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئەمما دوختۇرخانىدىكى كېسەللەر ساقىيىپ چىقمايلا مەھەللىدىن يەنە يېڭى كېسەللەر دوختۇرخانىغا

يوللاندى. بۇ كېسەللەر ئىچىدە ئۆزىنى ناھايىتى ئاياپ قوغۇن-تاۋۇز يېگەن، قايناق سۇ ئىچكەنلەرمۇ، چاڭقاقلىقىنى باسالماي ئېرىقتا ياكى ئۆستەڭگە بېشىنى تىقىپ توختام سۇ ۋە ئېقىن سۇلارنى ئىچىپ قويغانلارمۇ بار ئىدى، بۇلارنىڭ كۆپرەكى قوي-كالا باقىدىغان ياشلار، باللار ئىدى. بۇ يۇقۇملۇق كېسەل گويا سىرلىق بىر ئالۋاستى بولۇپ مەھەللىنى توختىماي كېزىپ يۈرەتتى ھەم مەھەللىدىكىلەرگە خۇددى ئەزرائىلنىڭ ئەلچىسىدەك بىلىنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچانلاردا، قەيەرلەردە بۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا تۆۋە قىلىپ، ئۈمىد تىلەيتتى. كېسەلمەن بوۋايلار ۋە ئانچە قېرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ تېنى ئاجىزلار، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بەزى ئاياللار ناھىيىلىك دوختۇرخانىلاردىمۇ شىپا تاپالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتتى، "پالانى مەھەللىدىن پۈكۈناخۇن، ياكى پۈكۈنخان ئېرخوبىك بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ" دېگەن خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ خەترىگە ئۇچرىغانىدى.

مولىمىناخۇن بىرەر كىمدىن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا ئالتۇنخاندىن ئەنسىرەپ كېتەتتى. ئۇ يېزىلىق دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالتۇنخاننىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتى؛ ناھىيە بازىرى مولىمىناخۇن ئۈچۈن قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس ئىدى، ئۆيىدىن، ئۇلاغ-قارىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. ئۇ مانا-ئەنە دەپ بولغىچە ئالتۇنخان ساقىيىپ ئۆيىگىمۇ كېلىپ بولدى. بۇ چاغدا مولىمىناخۇن ئۆزۈم بارىگى ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاپ ياتاتتى. ئالتۇنخان ئۇنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ، سەل ئۆتۈپ خورىكىنىمۇ ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، باغقا كىردى. باغنىڭ

بۇلۇڭدىكى قوتاندا كالا، قويلار ئىسسىقتا چىدىماي تامنىڭ سايىسىدا تۇگۇلۇپ يېتىشاتتى، سەل نېرىدىكى يېڭى ھاجەتخانا كىچىككىنە پوتەيدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. باغدىكى ئۆرۈكلەر تۈگەپ، ئالمىلار، شاپتۇللار پىششىقا باشلىغانىدى. باراڭلاردا ئېسىلىپ مەي باغلاپ كەتكەن ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەرنى توپا-چاڭ ۋە ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەنىدى. تۇراق ۋە روزى بار ۋاقىتلاردا بۇ ئۈزۈملەر ھەرگىز بۇنداق تۇرۇپ قالمايتتى، ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ھەر كۈنى ئۈزۈم يەيتتى، يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى؛ ئالتۇنخان ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قېتىق ساتاتتى. باللار خۇددى بىر ياققا ئويۇنغىلى قاچقاندەكلا يوقالدى... ئالتۇنخان باللىرىنى ئويلاپ يەنە ئۇزاققىچە ئېسىنى يىغالمىدى، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ مانا ھازىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ خەتىرىدىن قۇتۇلدى، ئۆلۈمدىن ئامان قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئادەمدىكى جانمۇ ئۇنداق ئاسان چىقمايدىكەن؛ ئەمما ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ جېنى خۇددى ئىككى چىۋىنىڭ جېنىدەكلا قەدىرسىز تۇگىدى، بۇلارنى تەقدىر پېشانىدىن كۆرمەي نە ئىلاج!

قوش-سۆرەمگە قېتىلغان ئۆكۈزدەك ئېغىر قەدەم بېسىپ ھاياتلىق يولىنى داۋام ئېتىۋاتقان ھەر بىر جاپاكەش دېھقان قوشقا قاتقان ئۆكۈزنى توختىتىپ ئارام ئالدۇرۇپ، ئالدىغا بىر قۇچاق ئوتنى تاشلاپ بەرگەندە ئۆزىمۇ ئارامغا، راھەتكە چىقىپ قالىدۇ، قاتتىق قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ياكى بىرەر ئورام موخۇركا چېكىۋالىدۇ... مولىمىناخۇن قاتتىق ھېرىپ ئۇخلاپ كەتكەچكە خېلىغىچە ئويغانمىدى، ئۇ چۈشىدە قوش ھەيدەۋاتاتتى، قىرنىڭ ئۇ بېشىدا تۇراق بىلەن روزى كالىغا ئوت ئېلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن كاللار قوشتىن چىقىرىلىپ سۆرەمگە سېلىندى، مولىمىناخۇن سۆرەمگە چىڭ دەسسەپ،

كاللارغا تاياق ئۇردى. ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك يېنىپ كەتكەن كاللار كۆزىنى چەكچەيتىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مولىمناخۇن بەستلىك ھەم ئېغىر بولغاچقا ھېرىپ ھەم قورسقى ئېچىپ كەتكەن كاللار سۆرەمنى تارتالمىدى. مولىمناخۇنمۇ شۇ كاللار بىلەن تەڭلا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى ، سۆرەمگە دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرى ئىختىيارسىز بوشاپ كەتتى. ئۇ سۆرەمدىن چۈشۈپ ئىككى ئوغلىنى چاقىردى. تۇراق بىلەن روزى ئېلىپ بولغان ئوت-چۆپلىرىنى قىرغا دۆۋىلەپ قويۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىشتى ۋە سۆرەمگە چىقىشتى. تۇراق كالىنىڭ ئارغامچىسىنى قولىغا ئالدى، روزى سۆرەمگە چىققىنىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى. مولىمناخۇن تاياقنى تۇراققا بېرىۋېتىپ:“ تۇراقجان، كالىنى چىڭ باشقۇر بالام! روزى قارى، ئاكاڭنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋال! چوڭ چامىغا دۇچ كەلسەڭلار سۆرەمگە چىڭ-چىڭ دەسسەپ قويۇڭلار! ”دېدى. قىردىكى ئوت-چۆپلەرگە قاراپ كاللار سۆرەمنى جېنىنىڭ بېرىچە سۆرەپ ماڭدى، تۇراق ھودۇقۇپ ئارغامچىنى چىڭ تارتتى، كاللار بويسۇنماي ئالدىدىكى ھەر يوغان چالمىلاردىن، دۆڭلەردىن ئاتلاپ ماڭدى، سۆرەم بىر يوغان چالمىغا دۇچ كېلىپ ئۇنى ئېزىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، شۇ چامىغا پۇتلىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتتى، تۇراق بىلەن روزى سۆرەمنىڭ ئاستىدا قالدى. مولىمناخۇن يۈگۈرۈپ بارغاندى، سۆرەمنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. سۆرەم ئۇ ئىككى بالىنى ھەش-پەش دېگۈچىلا يەرگە كۆمۈۋەتكەنىدى. ئىككى كالا سەل نېرىدا قىردىكى ئوت-چۆپلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەۋاتاتتى، باللار بۇ ئوت-چۆپلەرنى كاللارغا ئالغانىدى، كاللار قورسقىغا ئالدىراپ باللارنىڭ بېشىغا چىقتى، بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىق!! مولىمناخۇننىڭ غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشتى، قولىغا تاياق ئېلىپ كاللارنى

ئۆلگــۈدەك ئۇرۇشــقا باشــلىدى، كــالىلار ئــوتنى چۆرىــدەپ ئايلىنــاتتى، قۇيرۇقلىرىنى خۇددى چىۋىن قورىغاندەك شىپاڭلىتىپ مولىمناخۇننى يېقىن كەلتىۈرمەيتتى. مولىمنىاخۇن تېرىكىپ كالىلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشىلىدى، تايىقى سۇنۇپ كېتىۋىدى، يەردىن يوغان چالمىلارنى ئېلىپ كالىلارنىڭ كۆزىگە ئاتقىلى تۇردى، ئېتىۋېرىپ بىر كالىنىڭ كۆزىنى ئاخىرى قۇيۇۋەتتى، بىچارە كالىنىڭ كۆزىدىن قانلىق ياشلار ئېقىشقا باشلىدى...

ئالتۇنخان ئۆيىدىكى ۋە باغ-ۋارانلىرىدىكى ھەممە نېمىسىنى بىرەر قۇر يوقلاپ چىقتى، ئاندىن ئۆگزىگە چىقتى، توخۇ-كەپتەرلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ باقتى، ساق چىقتى. ئۆگزىدە قۇرۇتۇلغان گۈلە يېيىلىپ ياتاتتى، ئۆگزىگە چىقىپ قالغان ئۈزۈم تاللىرىدا پىشقان ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئالتۇنخاننىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ يىغىلدى، ئەمما يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئالتۇنخان ئۆگزىدىن يىراقلارغا قارىدى، كۆن ئولتۇراي دېگەنىدى، بالىلار كالا-قويلىرىنى ھەيدەپ ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى بويلاپ يېنىپ كېلىۋاتاتتى، يېشىللىققا ئورالغان قاتار تاملارنىڭ مورىلىرىدىن كۆكۈش ئىسلار تولغىنىپ چىقىۋاتاتتى. بىرلا راخماننىڭ ئۆيى غېرىبانە تاشلىنىپ ياتاتتى. ئالتۇنخان قاپاق تېرەكلەر ۋە قۇيۇق چىتلار قورشاپ تۇرغان شۇ ۋەيرانە ئۆيگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. خىيالىدا ئۆتمۈش، جېدەل، ئۆلۈم، يىغا-زارە...ھەممىسى گەۋدىلەندى.



مولىمناخۇن چۈشىدىن ئازابلىنىپ ئويغاندى، كۆزىنى ئېچىپ ئۆگزىگە

تىكلەنگەن شوتىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇ ياققا قارىدى ۋە ئالتۇنخاننى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى:

ــ قاچان كەلدىڭلا؟

ــ ھېلى

ــ يوقلاپ بارغۇچە كېلىۋاپسىلە...

ــ ئۆزەڭلا يوقلاي دەپمۇ بارمىدىڭلا.

ــ قېيدىماڭلا خوتۇن، ئۆي دەپ تىكلەپ قويۇپتۇق، ئىشلىمىسەك تېخى، بۇ تويماس قوي-توپاقلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ سويغىلى يا بولمىسا...ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپمىساق تېخى بولمىسا... ئۆلسەك ئەڭگىزە تۆگەمدىكىن بۇ ئىشلار...

ــ مەن ئۆلمەي ساق كەلدىم، مەن ئىشلەي، مېنى ئىش بېسىۋالسا مەيلى؛ كۆتەكتەك ئەر كىشى تۇرۇپ قاقشايسىلىنا؟! خۇدايىم سىلىگە مەندەك خوتۇننى بېرىپتىكەن، بولمىسا راخمان ساراڭدەك يۈرەتتىڭلا...

مولىمىناخۇن ئاران ساقىيىپ كەلگەن خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، گەردىنىنى قاشلىغىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ كالا قوتىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سەل بىكار بولسىلا ئېغىل-قوتانلىرىنى چۆگىلەيتتى، كالىسىنىڭ يوغان كۆزىگە، كۆشەپ تۇرغان ئېغىزىغا قارىسىلا ھەر قانداق ئىشقا ئاشۇ كالىدەك چىدامچان بولۇش كېرەكلىكىنى، جاپادىن كېيىنكى ھوزۇر-ھالاۋەتنى كۆشەشنىڭ نەقەدەر ئوبدان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

مولىمىناخۇن يەنە شۇ لاي ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىلىۋەردى. ئالتۇنخان ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى چېلەك سۇنى ئىشلىتىپ بولاتتى. بىر كۈنى چۈشتە مولىمىناخۇن ئالتۇنخان ئاران سۈزۈلگەن سۇنى قۇيۇپ ئەتكەن سۇيۇقئاشتىن

ئۈچ چىنە ئىچىپ، ئارقىدىن سەت كېكىرىپ ئېتىزلىققا ماڭدى؛ ئېتىزىغا بېرىپ كالىسىنى قوشقا ماڭدۇرا-ماڭدۇرمايلا قورسىقىنىڭ ئاغرىقىدىن تۈگۈلۈپ قالدى؛ بۇ ئاغرىقتىن كۆرە ھېلىقى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ۋەھىمىسى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، پۇت-قوللىرىدا جان قالماي چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قىرنىڭ دالدىسىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كالىلار بىخارامان تۇراتتى، مولىمىناخۇن كالىلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە قوش ئىزىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بىر تولۇم چاشقاننى كۆرۈپ قالدى، قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرەلمىدى.

ئالتۇنخان مولىمىناخۇننى يەرلىك ئۇسۇللار ۋە دوختۇرخانىدىن ئېلىۋالغان دورىلار بىلەن ئىككى كۈندە داۋالاپ ساقايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قورسىقى كۈن ئارىلاپ گاھى قاتتىق، گاھى بوش ئاغرىپ تۇردى، پەقەت خاتىرجەم بولالمىدى، كېسەللىك، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى، ئاخىر چىدىماي خوتۇنىغا:

— ئالتۇنخان جان كەتسىمۇ مەيلى، قۇدۇق كولايلى!-دېدى.

— كولىيالامدۇق؟-دېدى ئالتۇنخان گۇمانسىراپ،- بىز كولىساق خەق تولا سۇ دەپ كېلىۋالامدىكىن...

— بىزنىڭ تام خەقتىن يىراقتا، كىم كۆرىدۇ؟ سۇ چىقسا بىر دەڭلا، ھېلىقى ئادەمنىڭ قۇدىقىدىن ئون نەچچە مېتىردا سۇ چىقىپتىكەنمىش!

— ئۇنداقتا بىزمۇ كۈندە بىر مېتىردىن كولىساق ئون نەچچە كۈندە كولاپ سۇ چىقىرىپ بولغىدەكمىزغۇ؟!

— يەرنىڭ قېلىنلىقى ئوخشىمايدۇ،-دېدى مولىمىناخۇن ھويلىسىغا قاراۋېتىپ،- بەزى يەردىن ملڭ چوڭقۇر كولىسىمۇ سۇ چىقمايدۇ. بەزى يەردىن

بىر نەچچە مېتىر كولا-كولىمايلا سۇ چىقىدۇ، بەزى يەردىن كولىمىسىمۇ سۇ چىقىدۇ، بۇلاق بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن سۇ چىقسا تەلىيىمىز...

— ئەگەر سۇ چىقماي قالسا كولىغىنىمىز بىكار بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئورەكنى كىم تىندۇرىدۇ، بۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلا!

— كولىمىغۇچە ئۇقمايمىز، بىر كولاپ باقساق دەيمەن!

— كولايمىز دېسەڭلا كولاپ باقايلى، خۇدايىم تارتقان جاپايىمىزغا چۇشلۇق سۇ بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— يەرنىڭ تېگىدە شۇنداق ئوبدان سۇ تۇرسا، كۆندە بۇ لاي دوغاپنى ئىچىۋېرىپ قورسىقىمىزنى ئاغرىتىپلا يۈرۈيمىزمۇ؟ بۇرۇنلا زادى شۇنداق پىلانىم بار ئىدى، ئەمدى بولسىمۇ تازا ۋاقتى كەلدى! كېلىڭلا، قۇدۇقنى نەگە كولايمىز، دەڭلا!- مولىمىناخۇن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، خوتۇنى بىلەن دېيىشىپ قۇدۇقنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە ئۇيەرنى يۇملاق چېپىپ بەلگە قىلىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق كولاش باشلىنىپ كەتتى. مولىمىناخۇن توپا قازدى، ئالتۇنخان توپا تارتتى. بىرىنچى كۈنىلا ئىككى مېتىر كولاندى. قۇدۇق چوڭقۇرلىغانسېرى توپىسنى تارتىش تەس بولدى. مولىمىناخۇن قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغاندا ئىشلىتىدىغان چىغىرىقتىن بىرنى ياسىدى، ئۇ يەرنىڭ تېگىنى كولاپ توپىسنى چېلەككە ئۇسۇپ بەرسە ئالتۇنخان ئۈستىدە تۇرۇپ چېلەكنى ئوڭايلا تارتالايدىغان بولدى. يەر تېگىگە چوڭقۇرلىغانسېرى توپا چىقىرىش تەسلىشىپ كەتتى، مولىمىناخۇن دەستىنى قىسقا قىلىپ كېسىپ ئىشلىتىۋاتقان ئىتتىك، ئەپچىل كەتمەنمۇ گاللىشىپ كەتتى. ئالتۇنخان قۇرۇق چېلەكنى مولىمىناخۇنغا چۈشۈرۈپ بەرگەندە چېلەك ئىلمەكتىن بىر نەچچە قېتىم

ئاجراپ كېتىپ، پەستىكى مولىمىناخۇننىڭ كاللىسىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تۇخۇمدەك ئىششىتىپ قويدى. مولىمىناخۇن بېشىنى چاڭگاللاپ، ۋايجانلاپ بىر دەم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇستىدە ئىچى سىرىلىپ تۇرغان ئالتۇنخانغا قاتتىق ۋارقىرىدى:

ــ ئاستىراق چۇشۇرسەڭلا بولمامدۇ!

ــ ئاستا چۇشۇگەنتىمغۇ، ئەستا، بولمىسا چېلەكنىڭ بېغىنى ئىلمەككە سىم بىلەن چىڭ باغلىۋېتىڭلا...

مولىمىناخۇن شۇنداق قىلدى، ئەمما يەنە بىر قېتىم ئالتۇنخان خىيال بىلەن تۇرۇپ قېلىپ، چىغىرىق چېلەكنىڭ ئېغىرى بىلەن تېز ئايلىنىپ كېتىپ، چېلەك يەنە مولىمىناخۇننىڭ كاللىسىغا "داڭگىدە" تەگدى، تەگكەندىمۇ چېلەكنىڭ تەگلىكىدىكى قاتتىق قىرى تېگىپ ئۇنىڭ بېشىنى قانىتىۋەتتى. قاتتىق ئاغرىق ۋە ئاچچىق دەستىدىن مولىمىناخۇن گەپمۇ قىلالماي، كاللىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، دەردىنى ئىچىدە بىلدى، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى... بۇنى ئالتۇنخان كۆرەلمىدى. ئۇ چوڭقۇر ئورەككە بويۇنداپ قاراپ، يەرنىڭ تېگىدە قۇرتتەك تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ھالىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى، بىراق نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئارىنى ناھايىتى ئېغىر بىر سۈكۈت قاپلىدى. بىر پەستىن كېيىن ئالتۇنخان يەرنىڭ تېگىدىن بوغۇق ۋە قەھىرلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى:

ــ بولسا بېشىمنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىڭلا! بۇنداق جاندىن تويدۇم! قۇدۇق كولايمەن دېگەنگە تويدۇم، سۇ ئىچىمەن دېگەنگە تويدۇم! بىر جېنىمغا قانچىلىك سۇ ئىچەتتىم مەن!؟ سىلىنى ئاياي دېمىسەم بۇ سوغوق يەرنىڭ تېگىدە نېمە قىلاتتىم مەن؟! ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا دەپ كۆرۈڭا ما

قىلىقىنى!

ئالتۇنخان گەپ-سۆزسىز بېرىپ، باراڭنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ چۈشلۈك چاي تەييارلىدى.

بېشى تېڭىلغان مولىمىناخۇن چايدىن كېيىن خان ئويقۇسىنى باشلىدى؛ چۈش كۆردى، چۈشىدە كولانغان يەردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇلارنىڭ قاراڭغۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى... مولىمىناخۇن چۈشىدىن ھاياجانلىنىپ ئويغىنىپ، قۇدۇق بېشىغا كەلدى. ئەمما قاراڭغۇ يەردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، لېكىن يەنە ئازراق كولىسىلا شۇ يەردىن سۇزۇك سۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىدى.

ئۇلار ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ قۇدۇقنى ئالتە مېتىر كولاپ بولدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردىن باشلاپلا يەنە كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. يەرنىڭ تېگى سوغۇق بولغاچقا، مولىمىناخۇنمۇ بېشىغا چىلەك چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، ئالتۇنخان ئۇنىڭغا ئىچىگە قوي يۇڭى تىقىلغان تۇماق كىيگۈزۈپ قويدى. يەرنىڭ چوڭقۇرىدىكى قاتتىقلىقتا مولىمىناخۇننىڭ قولىدىكى كالتە كەتمەنمۇ ئاران پايلىدى. ئالتۇنخانمۇ ئېرى بىلەن چىشىنى چىشلەپ قاتتىق ئىشلىدى. بۇ كۈنى ئۇلار ئۈچ مېتىر كولاپ رېكورت ياراتتى. ئەمما ئەتىسى ئالتۇنخاننىڭ بېشى ۋە پۇت-قوللىرى ئاغرىپ ئېغىر ئىشلارغا كۈچەنەلمەيدىغان، تاماق ئېتىش تۈگۈل چاينىمۇ ئارانلا قاينىتالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. مولىمىناخۇننىڭ پۇت-قوللىرىمۇ سىقىراپ ئاغرىپ، بېلى تېلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەستلىك بولغاچقا قۇدۇقنىڭ ئايلانمىسىنىمۇ چوڭراق چېپىپ بارمىسا ئۆزىنى سىغدۇرىدىغان يەر قالمايتتى.

هەر قېتىم زوڭزىيىپ ئىشلىگەندە هەر بەش مىنۇتتا بىر قوپۇپ بېلىنى رۇسلىۋالمىسا بېلىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي قالاتتى، ئىشقا ياراپ قالغان ئوغۇللىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ هەر قېتىم بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولغاندا ئۆزىنى ئىككى قانىتىدىن ئايرىلىپ مۇشۇ ئورەككە چۈشۈپ كەتكەن نىمجان قۇشتەك هېس قىلاتتى،“ ئەر خەق بېلىدىن كەتسىلا تۈگەيدىكەن، ئەۋلادسىز قېرىپ ئۆلگەندە يەنە مۇشۇنداق قارا يەرنىڭ تېگىدە چىرىپ تۈگەيدىكەن” دەپ ئويلايتتى. ئۇ قۇدۇق كولاۋېتىپ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ گورىنى كولاۋاتقاندەك هېس قىلىپ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتەتتى، يەر نېمىدېگەن سوغۇق-هە! ئۇ سۇ ئىزدېمەكچى، چۈشىدە كۆرگەن زۇمرەتتەك سۈنى كۆرمەكچى ئەمەسمىدى؟! قاراڭغۇ ئاسماندا ئاي-يۇلتۇز بولمىسا ئاسمان سەت كۆرۈنگەندەك، قاراڭغۇ يەر تېگىمۇ ئەگەر سۈزۈك سۇدىن پارقىرىمىسا گۆردەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتمەمدۇ؟!... مولىمىناخۇن چىن كۆڭلىدىن خۇداغا سېغىندى ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى؛ خۇداغا باغلانغان روهىي كۈچ ئۇنىڭغا باشقىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇ ئىشتانلىرىنى ۋە يەكتىكىنى سېلىپ كۇسارچان، مايكىچان بولۇۋېلىپ قاتتىق ئىشلەشكە باشلىدى، ئىشلەۋېرىپ پېشانىسىدىن تەر ئاقتى، يەرنىڭ نەم، سوغوق هاۋاسى تازا خوشياقتى.“مۇشەققەت تارتىۋېتىپ راهەت كۆرۈشتىنمۇ ئېسىل ئىش بارمۇ جاهاندا... ”دەپ ئويلاپ، كۆڭلىنى ياسىدى.

بىر هەپتىدىن كېيىن قۇدۇق ئون مېتىر كولىنىپ بولدى، يەرنىڭ تېگىدىن ئەمدى قاتتىق نەم توپا ۋە شېغىل تاشلار چىقىشقا باشلىدى، مولىمىناخۇن“سۇ چىقمىسا ئالتۇن چىقىپ قالسىمۇ مەيلىدى ئىگەكىم، خۇدايىم بېرىپ قالامدۇ تېخى... ” دەپ كولاۋەردى. ئەر-خوتۇن بىر كۈن قاتتىق ئىشلەپ يەنە ئىككى مېتىر كولاپ بولدى، كولاپ چىقىرىلغان توپا ئاۋۋالقى

توپىدىن نەچچە ھەسسە نەم ئىدى، قول بىلەن ئۇۋۇلىسا قولغا سۇ يۇقۇشۇپلا تۇراتتى؛ ئەمما بۇنداق توپىنى كەتمەن بىلەن بوشىتىش ئىنتايىن تەس ئىدى. مولىمىناخۇن كەتمىنىنى تولۇق تاشتا بىلەپ ئىتتىك قىلىپ، قۇدۇققا يەنە چۈشۈپ بارلىق كۈچ-مادارىنى يىغىپ، تاشتەك قاتتىق يەرنى مۇز چاپقاندەك توك-توك قىلىپ چېپىشقا باشلىدى. كەتمەننىڭ بۇنداق قاتتىق چېپىلغاندىكى رېتىمى گويا تۆمۈرچىنىڭ بازغىنىغا ئوخشايتتى.

داۋاملىق كولىنىۋاتقان قۇدۇقتىن لاي توپا چىققىلى تۇردى، چىغىرىقنى چۆرىمەك بارغانسېرى تەسلەشتى، ئالتۇنخان چىلەكنى ھەر قېتىم كۈچەپ تارتقاندا تەۋرەپ-تەۋرەپ چىقىۋاتقان ئېغىر چىلەك تەكشى ئويۇلمىغان يەرلەرگە بەزىدە سۈرۈلۈپ كېتەتتى-دە، بىر مۇنچە توپىنى مولىمىناخۇننىڭ بېشىغا چۈشۈرىۋېتەتتى. ئالتۇنخانغا ئامال يوق ئىدى، مولىمىناخۇنمۇ ئاز قالغاندا چىدىماي تۇرالمىدى.

قۇدۇق كولانغىنىغا توققۇز كۈن بولغاندا قۇدۇقنىڭ تېگىدىن لاي چىقىشقا باشلىدى، لاي قاتلىمى يېرىم مېتىردەك كولىنىپ بولغاندا كەچ كىرىپ كەتتى، مولىمىناخۇننىڭ پۇتى رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالسىمۇ مۇزلاپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇلار بامدات نامىزىدىن يېنىپ قۇدۇق بېشىغا كەلدى ۋە قۇدۇق ئاستىدا كۈمۈشتەك ئاق، زۇمرەت سۇلارنىڭ جىمىرلاپ، چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى. مولىمىناخۇن شۇ تاپتا چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىنى ئۆڭىدە كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ بەخت شولىسىنى كۆرگەندەك بولۇشتى.

— بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلساق بولماسمىدى دەيمەن ئالتۇنخان، كەچكىچە لاي سۇ ئىچىپ يۈرگىچە...

— قىلساق بولاتتى شۇ، نېمىشقا قىلمىغانتىڭلا؟!

— ئاش ئېتىپ، كىر يۇيىدىغان ئادەم سىلە بولغاندىكىن ما ئىشنى قىلىلى دېمىدىڭلا...

— سىلىمۇ ئاشنى ئىچىۋالساڭلا باشقىسى بىلەن كارىڭلا يوق يۈرۈۋەردىڭلا...

— بولدى، ئەمدى سۇدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق!-دېدى مولىمىناخۇن زۇمرەتتەك چىرايلىق سۇدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي.

— بۇ سۇ تۈگەپ قالماس- هە، چىلەك تاشلاپ باقامدۇق، چۆكەمدىكىن.

— تېخى چىلەك چۆككىدەك بولمىدى، يەنە ئازراق كولاپ لېيىنى تارتىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

مولىمىناخۇن رېزىنكە ئۆتۈكىنى كىيىپ قۇدۇققا يەنە چۈشتى. ئالتۇنخان ئۈستىدە تۇرۇپ سۇ تارتتى ۋە بۇ سۇنى تولىمۇ قىممەتلىك كۆرۈپ ئۇنى ئۈزۈم كۆچىتىنىڭ تۈۋىگە تۆكتى. مولىمىناخۇن سۇنى تارتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان زەي، سۈلۈق يەرنى توختىماي چېپىشقا باشلىدى، سۇمۇ ئۈزلۈكسىز سىرغىپ چىققىلى تۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۇنى چىلەككە ئۇسۇپ، بىر تەرەپتىن قاتتىق لايلارنى چېپىپ، قۇدۇقنى داۋاملىق چوڭقۇرلاتتى. سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، مولىمىناخۇننىڭ رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا كىرگىلى تۇردى.

— چىلەك چۆككىدەك بولسىلا بولدى، يېنىپ چىقىڭلا،-دېدى ئالتۇنخان.

مولىمىناخۇن شالاپلىتىپ سۇ كېچىپ يەنە بىر هازا لاي تارتىپ، كۆڭلىدە قانائەت هاسىل قىلغاندا ئاندىن بولدى قىلدى. سۈزۈك سۇنى لايلاشتۇرۇۋاتقان لايلارنى ۋە لايلىشىپ كەتكەن دۇغ سۇلارنى چىلەككە پاك-پاكىز ئۇسۇپ

تۇگەتكەندىن كېيىن قۇدۇقتىن يېنىپ چىقتى.

يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا قۇدۇق تېگىدىن يەنە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زۇمرەت سۇلار ۋىللىداپ چاقناشقا ھەم داۋاملىق كۆپىيىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇ سۇلارنى ئىچكۈسى كېلىپ كەتكەن مولىمىناخۇن قۇدۇققا پاكىز چىلەكتىن بىرنى تاشلاپ ئازراق سۇ تارتىپ چىقتى ۋە ئۇنى قاپاق نوگايغا ئېلىپ سومۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى، گويا زەم-زەم سۈيىنى ئىچكەندەك كاتتا تۇيغۇغا كەلدى، ئىنتايىن ھوزۇرلاندى، ھاياجانلاندى:

ــ ئۇھ، ماۋۇ سۇ يۈرەككە باردى، ئەجەپ تاتلىق سۇكەنغۇ بۇ، ھەرەمدىكى زەم-زەم سۈيىنىمۇ يەردىن چىققان موشۇنداق سۇ دەيدۇ، خۇدا بەرگەن تاتلىق سۇلار-دە! كېلىڭلا ئالتۇنخان، سىلىمۇ ئىچىڭلا!

ئالتۇنخانمۇ ئۇ سۇدىن ئىچىپ ناھايىتى راھەتلەندى، كۆلدى، ۋۇجۇدى يېڭى كىيىم كىيگەن قىزلاردەك يايراپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنىلا قۇدۇق سۈيى قۇيۇپ ئوخشىتىپ سۈيۈقئاش ئەتتى؛ ئۇلار بۇ ئاشنى ئىچىپ ئۇن كۈنلۈك جاپالىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندەك بولۇشتى.

## 8

يازنىڭ ئىسسىقىدا يۇقۇملۇق كېسەل يامانلىشىپ، مەھەللىدىكىلەرگە بىر مەھەل تەھدىت سېلىپ ئۆتتى؛ تېنى ئاجىزلار، كېسەل چىڭ چاپلاشقانلار ئۇ دۇنياغا كەينى-كەينىدىن ئۇزاپ كەتتى، قىش كىرگەندە يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاتتىق ئاغرىغانلار ۋە ئۆلگەنلەر كۆرۈلمىدى، پەقەت مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆزە بولالماي ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ

كەتتى.

قەھرىتان قىشتا ھەممە ياقنى مۇدھىش سوغۇق كېزىپ يۈرەتتى، يالىڭاچلانغان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا ئاق قۇشقاچلار شاختىن شاخقا ئۇچۇپ، ۋىچىرلاپ سايرىشىپ يۈرەتتى، قارا قىش ئۇيقۇسىدا ياتقان كەڭرى بۇغدايلىقتا قارا قاغىلار توپ-توپ بولۇپ"مەجلىس" ئېچىشىپ تۇراتتى. قېلىن پاختىلىق ئىشتان-چاپان كىيىۋالغان باللار قويلىرىنى دەرەخلىك ئارىسىدا يايلىتىپ، ئۆزلىرى بىر ياقتا قىززىق ئويۇنلىرىغا كىرىشىپ كەتكەندى.

قىشلىق ئوزۇقنى ۋە قول ئىلكىدە بارىنى تېجەپ ئىشلىتىۋاتقان ئائىلىلەردە ھورۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەرلەر بىر يەرگە جەم بولسا بىرەر ئورامدىن چېكىشىۋالاتتى، ئاپتاپسىنغاچ قۇرۇق پاراڭ سالاتتى، خوتۇنلارنىڭ گېپىنى قىلاتتى ياكى ئاز-ئازدىن پۇل تىكىشىپ قەرت ئوينايتتى. ئاياللار باللىرىغا تەمەچ تەرگۈزۈپ، تونۇرغا ئوت سېلىپ نان ياقاتتى، ئۆيلىرىدە يوتقان تىكەتتى، قىشلىق كىيىم يامايتتى، كىگىز قاقاتتى، ئەمما ئىشتىن قولى بوشىسىلا ئۇلارمۇ كۆڭلى يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىگە بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ باراتتى-دە، غەيۋەت باشلىناتتى.

ئاپئاق قىرو قاپلىغان ياكى قېلىن قارنىڭ ئاستىدا ياتقان ئېتىزلادا تەبىئەتنىڭ رەڭدار مەنزىرىسى ۋە قايناق ئىش-ئەمگەك كەيپىياتى قالمىغان، پەقەت ھەر بىر ئۆيدە سوغۇقتىن پاناھلىنىپ، كاڭ ئوچاق ۋە مەشلەرگە قاقلىنىپ، قورساق بالاسى ۋە باشقا زۆرۈرىيەتتىن قۇتۇلالماي داتلىنىپ، بىر-بىردىن زارلىنىپ، ھەتتا تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇھتاجلىق بېسىمى ئاستىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىياتى، تۈگمەس كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۇششاق-چۈششەك ئارازلىقلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى. بىر

ئائىلىنىڭ ھەممىسى بىر ئۆيگە تىقىلىۋالسا بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز سەت كۆرۈنۈشى، ئۆز ئارا يامان مۇئامىلىلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئادەم دېگەن بۇ مەخلۇق ھامان ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ۋە مەنپەئەتىنى ھامان دىققەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىل تەبىئىتى دائىم بىر كوللېكتىپ كۈچنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى بولغان بىر ئائىلىنى(مەيلى ئۇ قانداق ئائىلە بولسۇن) كۆڭۈلسىز ھەم تار ياشاش مۇھىتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كوللېكتىپ كۈچنىڭ يىلتىزى ھامان شەخسىي كۈچ، كوللېكتىپ كۈچ شەخسىي كۈچ ئالدىدا تىترەپ تۇرىدۇ، ئەمما قىززىق يېرى شۇكى، شەخسىي كۈچ يەنە ئايلىنىپ كېلىپ كوللېكتىپ كۈچكە يۆلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، شۇنچە زور كوللېكتىپ كۈچ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە قۇدرەتلىك بىر خۇداغا بويسۇنىدۇ.

يازدىكى ئىش قايناملىرىدا دېھقان ئائىلىسىدىكىلەر بىر-بىرىگە شۇنچە يېقىن، سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كېتىدۇكى، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدۇ. كەڭ دالا ۋە ئىش-ئەمگەك ئۇلارنىڭ روھىنى ساپ، كۆڭلىنى كەڭ قىلىۋېتىدۇ. ئەمما مۇدھىش قارا قىشتا ئۇلار بىر يەرگە تىقىلىشىۋالغاچقا بىر-بىرىدىن ھېچ تۈزۈك سەۋەب يوقلا بىزار بولۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى  شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تارچىلىق، قىستاڭچىلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھالىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ. قىشلىق ئۆيدىكى بۇلغانغان ھاۋا، ئىسسىق مەشنى ۋە كاڭ ئوچاقنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىۋاتقان، ئىسسىق ئۆيدىن تالاغا چىققۇسى كەلمەي قازان بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بەئەينى شەھەر مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شەھەر ماھىيەتتە

سەھەرلىقلارنىڭ قىشلىق ئۆيى، شەھەرلىكلەر بولسا قىشلىق ئۆيدە ئىسسىق ئورۇن تالىشىپ ئۇنى-بۇنى قىلىپ، نۇرغۇن سۈركۈلۈشلەرنى پەيدا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان سەھەرلىقلار...دەپ ئويلىساق، شەھەرلىك ۋە سەھەرلىق دېگەن بىمەنە ئايرىما مەۋجۇت بولمايدۇ.

شەخسىيەتكە بىر كىچىك دۇنيا ئىنتايىن زۆرۈر. ئادەملەر كۆپىيىپ ياشاش مۇھىتى تارىيىپ كېتىۋاتقان، ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىنى تالىشىش ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ دەۋردە شەخسىيەت پەرقى ھامان چوڭىيىپ بارىدۇكى، ھەرگىز كىچىكلىمەيدۇ، شەخسىيەت ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىدۇكى ھەرگىز چېكىنمەيدۇ.

مولىمىناخۇننىڭ ئوغلى تۇراق ھايات چېغىدا بىر قېتىم ئاتا-ئانىسىدىن كۆڭلى قاتتىق ئاغرىپ، ئاتىسىنىڭ بۇغداي سېتىپ تاپقان پۇلىنى يوشۇرۇلغان يەردىن ئېلىپ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدا يەنە مۇنداق سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى: ئاتا-ئانىسى ئۇنى بىكار قويماي ئىشقا بۇيرۇپلا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەخشي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە دائىم يول قويمايتتى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇستەبىتلىك ئادىتىنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولۇپ، بۇ ھالەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاچانغىچە چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي زېرىككەن، تېرىككەن، ئۈمىدسىزلەنگەن، ئاخىر بىردىنبىر ئامال ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يوقۇلۇش ئىكەنلىكىنى ئويلىغانىدى.

تۇراق ئۈرۈمچىگە قېچىشتىن ئىلگىرىلا مەھەللىدىكى بىر قانچە ياش باللار ئۇ يەرگە قېچىپ، يېنىپ كېلىپمۇ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراقنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار

تەۋەككۇل قىلىپ ياقا يۇرت ۋە يات شەھەرلەرگە قېچىپ كەتكەندە ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولاتتى. بىچارە ئاتا-ئانىلار ئۇ بەڭۋاشلارنىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزگىنىنى ئۇقالماي ھەيران بولاتتى، ئاچچىقلىناتتى، قاقشايتتى ھەم ئۇلاردىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى، ئېتىز ئىشلىرىغا يېتىشىپ بولالماي قالغاندا ئۇلارنى سېغىناتتى. قىش كىرىپ جاپالىق ئىشلار تۈگىگەندە بۇرنىغا ئىككى قولىنى تىقىپ كەلگەن ئاۋارە بالىلىرىنى يەنە ئۆز قوينىغا ئالاتتى، باش-كۆزىنى سىلايتتى. بالىلار شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىگە سەللا ئارازلىق، كۆڭۈلسىزلىك يەتسە ياكى شەخسىي ئىشلىرى ئاقمىسا، پۇلى تۈگەپ كەتسە، زېرىكىپ كەتسە، ئۆزىنى ئۆيدە ئارتۇقچە ئادەم دەپ ئويلاپ قالسىلا يەنە ئۆيدىن قېچىپ، يىراق جايلارغا كېتىپ، خارلانسىمۇ شۇ يەردە جېنىنى بېقىشنى ئەلا بىلەتتى، ئاتا-ئانىلىرىغا"مەن يەنە قاچىمەن! " دەپ تەھدىت سېلىشاتتى. دېگەندەك، شۇنداق ياشلاردىن بىر نەچچىسى يەنە قېچىپ ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى. تۇراق ئۇلاردىن غايىۋانە ئىلھام، مەدەت ئېلىپ، ئاخىر كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى قىلدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە بارغان كۈنلا ئۆزىنىڭ تومپايلىقىنى چاندۇرۇپ پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئوغرىغا بەردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەھەللىدىن قېچىپ چىققان يەنە بىرەيلەن ئۇنى بۇزۇقچىلىققا قىزىقتۇرۇپ ئولجىغا ئۆزى ئېرىشىپ ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلىۋالدى. ئۇ قالغان پۇلى بىلەن بۇ چوڭ شەھەردە بىرەر ئىش قىلالىشىغا كۆزى يەتمەي مەھەللىسىگە يېنىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ جاھان كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭدا ئۆيىگە قايتىشقا يېتەرلىك پۇلمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ قاراشەھەرگە ئاران بېرىپ، بورا توقۇيدىغان بىر خۇيزۇغا بىر ئاي ئىشلەپ

قورسىقىنى باقتى، ئازغىنا ئىش ھەققى ئالدى؛ ئاندىن كوچاغا كەلدى، بىر دېھقانغا ئوما ئورۇشۇپ بېرىپ ئوبدان ھەق ئالدى، ئەمما تاپقان پۇلىنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلگەندە يەنە ئوغرىغا بەردى؛ ئۇ ئۆيىگە ھەتتا قۇرۇق قولمۇ يېتىپ بارالماسلىقىدىن نومۇس قىلىپ بىر ئاشخانىدا قاچا يۇيىدىغان ئىش تاپتى، بىر ئاي ئىشلىدى، ئاشپەز ئۇنىڭ قورسىقىنى باققان بىلەن قولىغا تۈزۈك پۇل بەرمىدى. جاپادىن ۋە يات خەقلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىدىن جاق تويغان تۇراق ئاشپەزگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ يەنە ئازراق پۇل ئېلىپ ئاندىن ماكانىغا ساق-سالامەت كېلىۋالىدى. مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئۇنىڭ يەنە قېچىشىدىن ئەنسىرەپ ئەيىپلەپ كەتمىدى، پەقەت،"بىز بەرگەن ئاشنى يېمەي خەقنىڭ ئېشىغا تەلمۈرۈپ، خەق ئاش بەرمىگەندە پوقنى يېگۈدەك بولۇپ كەلدىڭمۇ بالام، ۋاي سولتەك بالام، غورتەك بالام، ئەمدى ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلما" دېدى.

تۇراق بەرىبىر ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ تەۋەككۈلچىلىكى ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى چوڭ ئىش ئىدى. ئەركىنلىك ئىزدەپ قاچقان ئادەمنىڭ ئەركىنلىكتە ئۆلۈشى ناتايىن، ئۆلۈم ئۇنى ھامان ئەركىن قويمايدۇ.



مەھەللىدىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ بېغىغا يېڭىدىن سېلىنغان ھاجەتخانىلار ۋە ئاللىقاچان قۇرۇپ قاقاسلىشىپ، تام-رىشاتكىلىرى كونىراپ كەتكەن كۆلچەك بۇ مەھەللىگە بەر مەزگىل ئېغىر تەھدىت، ۋەھىمە سېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يادىكارى بولۇپ قالدى. ئەمما كېيىنكى يىلى 8-ئايدا بۇ مەھەللىگە تارىختىن بۇيان ئاز كۆرۈلىدىغان دەھشەتلىك كەلكۈن

كېلىپ، ئوتتۇز نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆي-زېمىن، مال-مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلدى. بۇ ھادىسە بىر كۈنى كەچقۇرۇن شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى، مەھەللىدىكىلەر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. يىراقتىن يوپۇرۇلۇپ، كۆزلۈك زىرائەت ئېتىزلىرىنى لايغا باسۇرۇپ كېلىۋاتقان غايەت ئۇلۇغ كەلكۈننىڭ جىقلىقى ۋە چاپچىپ ئېقىشلىرىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ئۆمرىدە تۇنجى كۆرۈۋاتقان بۇ بالايى ئاپەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. ئادەتتە ئەتىكى ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي ياكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي يۈرىدىغان بۇ خەقلەر بۇ مەھەللىگە كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلسۇن؟ كەلكۈن كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۈندە توختىماي يامغۇر ياغقان، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتىدىكىلەر مۆلدۈر يېغىپ كېۋەزنى ۋەيران قىلمىسۇن دەپ ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلارغا ئىككى-ئۈچ پاي ئوق ئېتىپلا بولدى قىلغانىدى. يامغۇرنىڭ يېغىۋېرىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئاپەتنى ئۇلارمۇ پەرەز قىلالمىغانىدى ھەم مۇداپىئە كۆرۈش توغرىلىقمۇ ھېچقايسى مەھەللىگە ئۇقتۇرۇش قىلمىغانىدى.

مەھەللىدىكىلەر كەلكۈننىڭ كۈچىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلىگەنىدى، ئۇنى ھەقىچان چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە ئۆتەلمەيدۇ، ئۇتتۇرلا ئېقىپ چوڭ ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما نۇرغۇن مەھەللە ۋە ئېتىزلارنى تۈزلىۋەتكەن ئۇ بەڭۋاش كەلكۈن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپلا ماڭاتتى، ئۆينى قويۇپ دۆڭگە چاپاتتى، ئۈستى-ئۈستىلەپ شارقىراپ ئاقاتتى. كەلكۈن چوڭ يولدىن ئۆتۈپ، يول بويىدىكى چوڭ ئېرىقتىنمۇ ئۆتۈپ قاتار

تامغا تەھدىت سېلىشقا باشلىغاندا چوڭ يولغا تۇشمۇ تۇشتىن توپا تاشلاپ قىر ياساپ، توسما قۇرۇپمۇ كەلكۈننى توسالمىغان دېھقانلار ئۆز جېنىنىڭ، ئۆيىنىڭ ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ قايغۇسىدا قېلىشتى. مەھەللە باشلىقى يىراقتىن تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقان كەلكۈنگە قاراپ ئالاقزادە بولۇپ:

ــ بولدى كەتمەننى قويۇپ ئۆزەڭلىنى ئەپقېچىڭلار، ئۆيۈڭلەرگە چاپسان بېرىڭلار، ئۆي ئۆرۈلۈپ بولغىچە ئالدىغان مۇھىم نەرسەڭلىنى ئېلىۋېلىڭلار، ئۆلگۈرەلمىسەڭلار جېنىڭلىنى ئاياڭلار، بالاڭلارنى دەرەخكە چىقىرىپ قويۇڭلار، ئۇلاغ-قاراڭلارنى ئېغىل-قوتاندىن چىقىرىپ ھەيدىۋېتىڭلار، قالغىنىغا خۇدايىم ئىگە، ئاندىن قالسا ھۆكۈمەت بار، بىز بار، چاققان مېڭىڭلار!....دەپ ۋاقىراپ-جاقىراپ يوليورۇق بەردى.

مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرىنى قوغلاپ ھەم ھەر تەرەپتىن بۆسۈپ، قورشاپ كېلىۋاتقان كەلكۈننىڭ زەربىسىدىن ھودۇقۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە چاپتى، ئۇششاق باللىرىنى ھويلىسى ۋە باغلىرىدىكى يوغان مېۋىلىك دەرەخكە چىقىرىپ قويدى، ئۆيلىرىگە كىرىپ تىقىپ قويغان پۇللىرى بارلار پۇلىنى، پۇلى يوقلا پۇلغا يارايدىغان نەرسلىرىنى، ئاشلىقىنى، ئۆي جابدۇقلىرىنى تالاغا يۆتكىدى. ئۆلگۈرەلىسىلا ئىشقىلىپ ئېقىپ كېتىشتىن قورققان ھەممە نەرسىلىرىنى ئالدى.

مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئۆيلىرىگە كېلىپلا قايسى مۇھىم نەرسلىرىنى ئاۋۋال ئېلىشنى ئۇقالماي كاللىرى ئېلىشىپ كەتتى، كەلكۈن شىددەت بىلەن بۇ ئۆيگىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ قۇدۇقتا شارقىراپ سۇ چۇشۇشكە باشلىدى. ئۇلار قۇدۇقتا قاراپ ئىچى ئېچىشىپ يەرگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ

قالدى.

— بولۇڭلا ھوي، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەچىقايلى!-دېدى ئالتۇنخان چىقىراپ،- قۇدۇقتا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ھېلى ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز، قۇدۇق توشۇپ بولغىچە مۇھىم نەرسىلەرنى ئەچىقۋالايلى!

مولىمىناخۇن دەلدەڭشىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئالتۇنخانغا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ بۇغدىيى ھويلىدىكى بەنچاڭغىلا بېسىلغاچقا بىخەتەر ئىدى. ئالتۇنخان ئۆيدىن كىگىز-گىلەملىرىنى، يوتقان كۆرپىلىرىنى ئەچىقىپ بۇغدايىنىڭ ئۈستىگە بېسىشقا باشلىدى، مولىمىناخۇن كۆزىگە كۆرۈنگەن قىممەتلىك ئۆي جابدۇقلىرىنى تالاغا ئەچىققىلى تۇردى.

ئالتۇنخان ۋاقىرىدى:

— ھە راست، قوتاندىكى قوي-كالىنى باغقا چىقىرىۋېتىمىزمۇ قانداق قىلىمىز؟

— باغدىن قېچىپ كەتسچۇ؟ بۇنداق چاغدا خەق يامان بولىدۇ، ئەپ تاپسا ئوغۇرلۇق قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى جىم قويايلى، كەلكۈن قوتاننى ئەكىتەلمەيدۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئېغىلدا سامان بار، ھەي شۇ سامان ئېقىپ كېتىدىغان بولدى-دە! ئۇلاغ قىشچە نېمە يەر؟!

— ساماننى قويۇپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەچىقايلى مولىمىناخۇن!-ئالتۇنخان توۋلاپ كەتتى،- قۇدۇقتىن ئايرىلدۇق، سامان دېگەن نېمىتى! قاراڭلار ماۋۇ ئۈزۈم باراڭلىرىمۇ لىڭشىغىلى تۇردى. ئۆگزىدە تېخى توخۇ-كەپتەرلىرىمىز...

— ھوي راست، ئاپلا، مەن دەرھال چىقىپ كاتەكتىن چىقىرىۋېتەي،-مولىمىناخۇن دەرھال بېرىپ شوتىغا ياماشتى.

ــ ئۆزەڭلىگە پەخەس بولۇڭلا، چاققان چىقىپ چاققان يېنىپ چۈشۈڭلا!ـ ئالتۇنخان ھويلىدا ۋاقىراپ قالدى،ـ ھوي راست، مولىمىناخۇن! بۇ يىل بۇغداي ساتقاندا تۆلىگەن باجنىڭ ھۆججەتلىرىنى قازناقتىكى تام خالتىغا تىقىپ قويۇپتىكەنمەن! بىر يانچۇقتا پۇل بار ئىدى، سىلە بايا ئالدىڭلىمۇ ـ ئالمىدىڭلىمۇ!؟

ئۆگزىگە چىقىپ بولغان مولىمىناخۇن چىچاڭشىپ كەتتى:

ــ ھوي ساراڭ خوتۇن، ئەڭ باشتا شۇنى ئالماي نېمە ئىش قىلدىڭلا، پۇلنى ئۆزەم تۇتىمەن دەپ ئۇنىمايسىلە، ئۇنى نېمىشقا ئۇنى ئۇنتۇپ قالىسىلە؟! ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ تاپقان پۇلنى لايغا كۆمەي دەمسىلە؟! ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇ ئەمەسمۇ، خەپ ما دۆت خوتۇننى، چاققان كىرىڭلا، پۇل ساناپ ئولتۇرماي خالتاڭلىنى تامدىن سۆكۈپلا چىقىڭلا!

ئالتۇنخان ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى. مولىمىناخۇن توخۇ كاتىكىنى ئېچىپ توخۇلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ھويلىسىدىكى قونداقتا ئۇچۇرىۋەتتى، كەپتەر كاتىكىدىن كەپتەرلىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا قويۇۋەتتى، يېنىپ كېلەرمۇ بۇ كاساپەتلەر دەپ ئىچى ئەندىشىگە تولدى. ئۇ ئۆگزىدىن پەسكە قاراپ، قونداقتىن يەرگە چۈشكۈسى كېلىپ كەلكۈندە تۈنجۇقۇپ قالغان دۆت توخۇسىنى تىللاپ ئالتۇنخانغا ۋاقىرىدى:

ــ بولدۇڭلىمۇ ھوي خوتۇن، تۇخۇم تۇغىدىغان ئاۋۇ مىكىيىنىڭلار سۇدا پالاقشىپ قالدى، دەرھال چىقىپ قۇتقۇزۇڭلار!

شۇ ئەسنادا كەلكۈننىڭ زەربىسىگە پايلىمىغان كېسەك تاملار گۈلدۈر ـ قاراس قىلىپ ئۆرۈلدى، مولىمىناخۇن ئالتۇنخاننىڭ چىقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ ئۆگزىدىن چۈشۈۋاتقاندا شوتا تام بىلەن بىللە

ئۆرۈلۈپ تامنىڭ ئاستىدا قالدى.

**10**

كەلكۈن شۇنداق دەھشەتلىك ماڭدىكى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەپقېچىۋالالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ قالغان دېھقانلار ئۇششاق بالىلىرى بىلەن ھويلىسىدىكى ئۆرۈك، ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، كەلكۈندە قاراسلاپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ئۆيلىرىگە، سۇدىكى ساماندەك ئېقىپ، سۇپۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان تەئەللۇقاتلىرىغا، ھەتتا ئېغىل- قوتاندىن چىقىرىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئۇلاغلىرىنىڭ تام بېسىپ يارىلىنىۋاتقان، ئۆلۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ چىدىيالماي قېلىشتى، خۇداغا ئىچ- ئىچىدىن تۆۋە قىلىشتى. ئاياللارنىڭ يىغا-زارىسىغا قاراپ ئەرلەرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسىغا قاراپ يىغلاشتى.

ئۆتكەن يىلى نەق 8-ئايدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالماي خۇدانى سېغىنىپ مەسچىتكە ئالدىرىغان دېھقانلار بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە ئوما ۋاقتىدا نامازنى تاشلىۋەتكەنىدى، مانا ئەمدى يەنە بىر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ، خۇدىنى تېپىپ خۇداغا سېغىنىپ، ناماز ئوقۇيلى دېگەندە ئۆيلىرىمۇ، مەسچىتلەرمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يادىكارى بولغان ھاجەتخانىلار ۋە قۇرۇق كۆلچەكمۇ تۇزلىنىپ، راخمانىنىڭ جىن ئۇۋۇلاپ قالغان غېرىبانە، سىرلىق كەپىسىنىڭ ھېچنېمىسى قالماي، مەھەللە مىسلىسىز خارابلىشىپ كەتتى. ھەممە يەرنى قىزغۇچ قىيان سۇ، پاتقاقلىق، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ۋەيرانلىق، پاتپاقراقچىلىق قاپلىدى.

پەقەت دەرەخلەرلا ئامان قالغان، گەرچە ئادەملەرمۇ ئامان قېلىپ، جىسمى قارىماققا ئۆزلىرى تىككەن دەرەختەك مەزمۇت تۇرغان بىلەن روھى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانىدى.

ھۆكۈمەت قاراپ تۇرمىدى، قوشنا يېزىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، قىش كىرگۈچە ھەر بىر دېھقانغا ئۆز ئۆيىنىڭ ئورنىغا پىششىق خىشتىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. مەھەللىدىكىلەر:"بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ پەدىسىگە سېلىنىپتۇ، كاتەكتەك ئۆيدە بالىلىرىمىز بىلەن قانداق پېتىشىپ ئولتۇرارمىز، تام ئورنىمۇ كىچىك، باغ ئورنىمۇ كىچىك، بۇرۇن كەڭرى ياشاپ ئۆگىنىپ قالغانىدۇق، ئەمدى قانداق كۆنەرمىز" دېيىشتى. ئەمما ئۇلار شۇ ئۆيدە بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن كۆنۈپ كەتتى، ھەتتا يېڭى ئۆيگە مېھرى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئۆيلەر كىچىك بولغان بىلەن تاملىرى مەزمۇت، چىرايلىق، راملىرى كەڭ، تورۇسلىرىمۇ ياخشى يېپىلغان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ بۇرۇنقى كونا، قارىداپ كەتكەن، يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆيلىرىگە باققاندا كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇلار،"كەلكۈن كەلمىگەن بولسا ئاشۇ كونا ئۆيىمىزدە يەنە قاچانغىچە ياشار ئىدۇق" دېيىشىپ، ھۆكۈمەتتىن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن بەك رازى بولۇشتى.

ئايلار ئۆتۈپ، يېڭى يىللىق كېۋەزلەر پىشىپ پاختىلار ئېچىلىشقا باشلىغاندا مەھەللىدە ھەر بىر ئائىلىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىش دولقۇنى قوزغالدى. مەھەللە باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە يېقىندا مەركەزدىن بىر رەھبەر كېلىپ، يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەرگەنمىش، بۇنى ئاڭلاپ ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەنمىش. دېھقانلار ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان بۇ ھاشارنى

تېزلىكتە ئورۇنلىدى، ئىككى ئۈچ ئايلار ئۆتۈپ يەرگە كۆمۈلگەن غول نەيچىگە سۇ ماڭغۇزۇلۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان تارماق نەيچە ۋە جۈمەكلەرگە سۇ چىقتى. جۈمەكتىن شارقىراپ چۈشىۋاتقان پاكىز، سۈزۈك سۇلارغا قاراپ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم تەنتەنە قىلىشتى. ئەگەر مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ھايات بولغان بولسا چوقۇم خوش بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مولىمىناخۇن"يەر ئاستىدىن كېلىدىغان ئۇ زەي سۇغا تۇغماسلىق دورىسى سېلىۋېتىلگەنمىش" دېگەن تۆكى يوق گەپنى تاپاتتى.

---

مۇئەللىپنىڭ سۆزى:

بۇ پوۋېست 1994-يىلى مەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا قىشلىق تەتىلدە يېزىلغان. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدا ئېلان قىلىنىپ 3-نۆۋەتلىك تارىم ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45يىللىقىغا بېغىشلانغان خەنزۇچە ئەدەبىي توپلامنىڭ پوۋېستلار قىسمىغا تاللانغان. «كېيىنكى ئىشلار» دېگەن قىستۇرۇلما 1997-يىلى يېزىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتسىز بىر قىستۇرۇلما، ئەمما يېزىشقا تېگىشلىك قىستۇرۇلما دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن قوشۇپ قويدۇم، كۆڭۈلدىكى بوشلۇقنى تولدۇردۇم. بۇ ئەسەر ۋەجىدىن كۆتۈلمىگەن شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتىم، ئەمما ئەسەردىكى پروتوتىپلارنىڭ

ئىسمىنى ئەينەن ئالغانلىقىم ئۈچۈن جىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقتۇم. بۇ ئۆتمۈشۈمدىكى ئاچچىق ساۋاق، ئەسەر گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن توقۇلما بولسىمۇ، ئەمما مەھەللەمدىكى ئادەملەر ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغاچقا ئەينى چاغدا مەھەللىمىزدە نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەر بولغانىدى، راخمان بىلەن خەلچىخان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى «مەشھۇر كىشىلەر»گە ئايلانغان، ئىككىسى بازارغا بارسىمۇ خەقلەر « ئاشۇلار شۇمۇ، ئۆلمەپتىغۇ...» دېيىشكەن. بۇ تراگېدىيىلىك توقۇلما قەھرىمانلىرى خېلى ۋاقىتقىچە كىشىلەر ئېغىزىدا ھېكايە تەرىقىسىدە سۆزلىنىپ يۈردى.

بۇ يىل 3-ئايلاردا ئۆيگە تېلېفون قىلىپ، ئاپامدىن راخمان ھېلىمنىڭ كېسەللىك ۋەجىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولدى، گۇناھ تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمىدىم، كۆپۈكتەك يوقايدىغانا شان-شەرەپكە ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۆلۈم ھەقىقىي رىئاللىق، ھەقىقىي ساۋاق ئىدى. كەمبەغەللىك، قاششاقلىق دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتقان شۇ بىچارە دېھقاننىڭ قانچە ياشتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم 50 ياشلارغا بارغان بولسا كېرەك، تېرەككە ئېسىلىپ ئەمەس، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. تېرەككە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنى ئۇنىڭ ئاكىسى ئېزىزاخۇن ئىدى. راخماننىڭ ئايالى خەلچىخان بىلەن قىزى ئامىنە ھازىرمۇ ھايات، تۇرمۇشى نامرات.

مولىمناخۇن تىرىشىپ باي بولۇپ ئالدىنقى يىلى ھەرەمگە بېرىپ كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ قېرىلىق يەتتى. ئېرىگە، ئائىلىسىگە جان دىلىدىن كۆيۈنىدىغان ئالتۇنخان ھاجى ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۆي ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا چاپماقتا. تۇراقمۇ، روزاخۇنمۇ دادىسىدەك ئېگىز بوي، كۈچتۈڭگۈر

دېھقانغا ئايلىنىپ، خوتۇن ئېلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولدى، روزاخۇننىڭ بويى 2 مېترغا يەتتى، مەھەللىگە مۇئاۋىن باشلىق بولدى.

راھماننىڭ ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى كونا تەسەۋۋۇرۇمنى قايتا قوزغاتتى، ئېچىندىم، ئەيىبكارلىق تۇيغۇسىدا ئەيلەندىم، نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئەدەبىي ئەسەر بەربىر توقۇلما، مەن بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلدىم دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم، ئەمما كۆڭلۈم يەنىلا يېرىم.

راخمان بۇ دۇنيادىن ھەقىقەتەن كېتىپ قالدى، رەھمەتلىكنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمىدى.